# ئىزدىنىش

(تاللانما)

11 1998

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1998-يىل 11-سان

(ئومۇمىي 125-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

**ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1998-يىللىق 17-، 18-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى**

## مۇندەرىجە


**ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە تېز ھەم قاتتىق زەربە بېرەيلى ........................ جۇ رۇڭجى(2)**

**دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە ........................ سۇ خۇەيرېن(17)**

باش ماقالە: كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرايلى ........................ (27)

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك ........................ **ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى(32)**

پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق غەلىبىسى
—نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ........................ **ماۋ رۇبەي(37)**


**★11-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★**


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: 2498—CN11
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سېستىمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا پېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالەتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399» خەت ساندۇقى)

# ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە تېز ھەم قاتتىق زەربە بېرەيلى•

جۇ رۇڭجى

بۇ قېتىمقى مەملىكەتلىك ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمەت يىغىنى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بۇ يىل چاقىرغان يەنە بىر قېتىملىق ئىنتايىن مۇھىم يىغىن. يىغىن ئېچىلغان چاغدا باش شۇجى جياڭ زېمىن يىغىنغا قاتناشقان بارلىق ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى ھەمدە مۇھىم سۆز قىلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ چوڭقۇر مەنىلىك، ھەققانىي، دۆلەت ئىشلىرى ئۈستىدە غەم قىلىش ھېسسىياتى بىلەن تولغان بۇ سۆزى بىزنىڭ مەملىكەت مىقياسىدا ئەتكەسچىلىككە قارشى كەڭ كۆلەملىك بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۈرەشنى تېزدىن قانات يايدۇرۇپ، ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قاتتىق زەربە بېرىشىمىز ئۈچۈنمۇ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پارتىيىنى، ھۆكۈمەتنى قاتتىق باشقۇرۇشىمىز ئۈچۈنمۇ ئىنتايىن زور يېتەكچىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە. يولداش ۋۇ يىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەققىدە كونكرېت ئورۇنلاشتۇرۇش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئارقىلىق، كۆپچىلىك يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تونۇشنى ئۆستۈردى، ئىشەنچنى ئاشۇردى، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەر چوقۇم باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىگە ۋە بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ تەلىپىگە ئاساسەن، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، پۇختا ئورۇنلاشتۇرۇپ، مەملىكەت بويىچە ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە تېز ھەم قاتتىق زەربە بېرىشى لازىم. تۆۋەندە يىغىندىكى مۇزاكىرىنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن بىرقانچە پىكىرلىرىمنى سۆزلەپ ئۆتەي.

---

• بۇ ماقالە يولداش جۇ رۇڭجىنىڭ 1998-يىل 7-ئاينىڭ 15-كۈنى مەملىكەتلىك ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمەت يىغىنىدا سۆزلىگەن سۆزى.

# 1. ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە ئەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىش كېرەك

ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشى مەملىكىتىمىزنىڭ نۆۋەتتىكى ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي تۈرمۇشىدىكى گەۋدىلىك بىر مەسىلە. پۈتۈن مەملىكەت مىقياسىدا ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنى چاقماق تېزلىكىدە چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ئاساسەن بەلگىلىگەن مۇھىم بىر تەدبىر. ئۇ بۇ يىلقى ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىغا، مەملىكىتىمىزدىكى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنىڭ ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنىڭ يەنىمۇ كۈچەيتىلىشىگە مۇناسىۋەتلىكتۇر. بىز ئەڭ چىڭ ئىرادە بىلەن، قەتئىي، كەسكىن تۈردە ھەرىكەتكە كېلىپ، جەزمەن كۆرۈنەرلىك ئۈنۈمگە ئېرىشىشىمىز لازىم.

يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشتە كۆپلىگەن خىزمەتلەرنى ئىشلىدى، نەتىجىسى روشەن بولدى. بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. لېكىن شۇنىمۇ سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ۋەزىيىتى يەنىلا ئىنتايىن جىددىي بولۇۋاتىدۇ. ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى، ئەتكەس ماللارنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى، مىقدارىنىڭ زورلۇقى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىگە بېرىپ يەتتى. يالغان تەستىق، يالغان تالون، يالغان تامغا بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەتكەسچىلىك ۋە يالغان مەلۇم قىلىش، يوشۇرۇپ تىقىۋېلىش قاتارلىق كۆز بوياپچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەتكەسچىلىك، شۇنىڭدەك پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ۋە باجدىن خالىي رايوندىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان شەكلى ئۆزگەرگەن ئەتكەسچىلىك قاتارلىق قانۇنغا خىلاپ جىنايى ھەرىكەتلەر بارغانسېرى ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتماقتا. ئەتكەس ماللاردىن ئەڭ كۆپى ”ئىككى خىل ماي“ (تەييار ماي ۋە سۇ ماي)، ”ئىككى خىل ماشىنا“ (پىكاپ ۋە موتسىكلىت)، ”ئىككى خىل ماتېرىيال“ (توقۇمىچىلىق ماتېرىياللىرى ۋە خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرى) ۋە تاماكا، ئوغرىلىقچە ئىشلەنگەن لازېر نۇر پىلاستىنكا قاتارلىقلار. بۇنىڭدىن باشقا، ئەتكەس ماللاردىن يەنە زور مىقداردىكى پەنەركە، فوتو ئاپپارات، نۇر سەزگۈچ ماتېرىيال، تەسۋىر كۆرسەتكۈچى لامپا، كومپرېسسور (سىقىش ماشىنىسى)، قول تېلېفونى، ھېسابلاش ماشىنىسى، كاۋچۇك، دورا، چەت ئەل ھاراقلىرى، يۇيۇش بۇيۇملىرى بولۇپ بىرەر يۈز خىلى بار. ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ مۆلچەرلىشىچە، ھەر

يىلى ئەتكەسچىلىك يولى بىلەن چەتتىن كىرگەن تاۋارلارنىڭ قىممىتى يۈز مىليارد يۈەنگە يېتىدۇ.

كۈندىن-كۈنگە ئەۋج ئېلىپ كېتىۋاتقان ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرى مەملىكىتىمىزگە ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ۋە سىياسىي قاتارلىق كۆپ جەھەتلەردىن ئېغىر زىيان يەتكۈزدى. ئۇ دۆلەت ئىقتىسادىنى ۋە باج كىرىمىنى غايەت زور زىيانغا ئۇچراتتى، ئىچكى بازار ۋە مىللىي سانائەتكە زەربە بەردى، بازاردىكى ئىقتىسادىي تەرتىپنى قالايمىقانلاشتۇردى. زور مىقداردىكى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرى دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىدىكى قىيىنچىلىقنى ئاشۇرۇۋەتتى. نۆۋەتتە بىر قىسىم كارخانىلارنىڭ تولۇق ئىشقا كىرىشەلمەسلىكى، ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشتا قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قېلىشى، ئىش ئورنىدىن قالغان خادىملىرىنىڭ كۆپىيىشى مەلۇم دەرىجىدە ئەتكەس ماللارنىڭ قىسمەن ئىچكى بازارنى ئىگەللەپ كېتىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇنىمۇ كۆرۈۋېلىشىمىز كېرەككى، زور مىقداردىكى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرى پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىگە توسقۇنلۇق قىلىپ، بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردا ھۆكۈمەت ئەمىر-پەرمانلىرى ئىجرا قىلىنمايدىغان ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ چىقاردى، تار مەھكىمچىلىك، مەھەللىۋازلىق ۋە تارقاقچىلىق خاھىشلىرىنى ئەۋج ئالدۇردى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا كادىرلارنى چىرىتىپ، ئىجتىمائىي كەيپىياتنى بۇزۇپ، جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىنىڭ كۆپلەپ يۈز بېرىشىگە سەۋەبچى بولدى. دېمەك ئەتكەسچىلىك ئىقتىسادىي جەھەتتە چىرىكلىكنى، سىياسىي جەھەتتە چۈشكۈنلۈكنى پەيدا قىلىدۇ. ئەگەر ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ داۋاملىق يامراپ كېتىشىگە يول قويۇلىدىغان بولسا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا ئېغىر تەسىر يەتكۈزۈپلا قالماستىن، بەلكى ئىقتىسادىمىزنى، ھاكىمىيىتىمىزنى، پارتىيىمىزنى نابۇت قىلىۋېتىدۇ. شۇڭا، ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ھەم بىر زور ئىقتىسادىي كۈرەش، ھەم بىر كەسكىن سىياسىي كۈرەش بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى قانۇنىي ئىگە ئەتكەسچىلىكنىڭ يامراپ كەتكەنلىكىدىن، بولۇپمۇ ئالاھىدە قانۇنىي ئىگىنىڭ ئەتكەسچىلىكى ئېغىر بولۇپ، ئىچكى ئادەملەر تاشقى ئادەملەر بىلەن تىل بىرىكتۈرۈپ ئەتكەسچىلىك قىلىدىغان ۋە ئەتكەسچىلىكنى قوغدايدىغان ئەھۋالنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكىدىن ئىبارەت. خۇسۇسەن بەزى جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار، ئەدلىيە تارماقلىرىغا بېقىنىدىغان ئاپپاراتلار ھەم خادىملار ئەتكەسچىلىككە قاتنىشىپ، ئامما ئىچىدە ئىنتايىن يامان تەسىر پەيدا قىلدى. نۆۋەتتىكى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ، بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىكى تۈپ سەۋەب ئەنە شۇ، بۇنىڭ بىلەن ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ مۇرەككەپلىكى ۋە مۈشكۈللۈكىمۇ ئاشتى.

قانۇنني ئىگىنىڭ بولۇپمۇ ئالاھىدە قانۇنني ئىگىنىڭ ئەتكەسچىلىك قىلىش مەسىلىسىنى تۈپتىن ھەل قىلمىغاندا، ئەتكەسچىلىك قىلغۇچى مۇدھىش كۈچلەرنىڭ غالجىرلاشقان نوخۇلىسىغا ئۈزۈل-كېسىل زەربە بەرگىلى بولمايدۇ.

ئەتكەسچىلىكنىڭ ئەۋج ئېلىپ كەتكەنلىكى ۋە قايتا-قايتا زەربە بېرىلسىمۇ توسۇۋېلىنمىغانلىقىدىكى سەۋەب نېمە؟

بىرىنچىدىن، ئاساسلىقى بەزى جايلار ۋە تارماقلاردىكى رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئەتكەسچىلىكنىڭ زىيىنىغا بولغان تونۇشى يېتەرلىك بولماي، ئۇلاردا تۈرلۈك خاتا ئىدىيەلەرنىڭ ساقلانغانلىقىدىن بولدى. بەزىلەر ”ئەتكەسچىلىك بىلەن بېيىغىلى بولىدۇ“، ”ئەتكەسچىلىك بىلەن ئىگىلىكنى جانلاندۇرغىلى بولىدۇ“، ”ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىمىز دەپ ئۇنى ئۇچۇقتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم“، ”ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشكە تەسىر يەتكۈزىدۇ“ دەپ قارىماقتا. بۇ پۈتۈنلەي ئۇچىغا چىققان بىمەنە سەپسەتە! ئەتكەسچىلىك جىنايەتتۇر، ئەتكەسچىلىك ئىنتايىن ئاز ساندىكى كىشىلەرنى بىردىنلا بېيىتىدۇ، مۇتلەق زور ساندىكى كىشىلەرنىڭ مەنپەئىتى مۇقەررەر ھالدا زىيانغا ئۇچرايدۇ. ئەتكەسچىلىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىش، ئىگىلىكنى قالايمىقانلاشتۇرۇشتىن باشقا نەتىجە بەرمەيدۇ، ئۇ ھەرگىز ئىگىلىكنى جانلاندۇرالمايدۇ. ”ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىمىز دەپ ئۇنى ئۇچۇقتۇرۇۋەتمەسلىك لازىم“ دېگەنلىكنىڭ ئۆزى ئەتكەسچىلىككە يان باسقانلىق، يول قويغانلىق، مەدەت بەرگەنلىكتۇر. بەزى جايلار ۋە ئورۇنلاردىكى رەھبەرلەر ئېغىزىدا ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىمىز دېسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، كۆرۈپ تۇرۇپ كۆرمىگەن بولىۋالىدۇ، ھەتتا ئەتكەسچىلىككە يول قويىدۇ، مەدەت بېرىدۇ، قىسمەنلىكنىڭ، كىچىك تەشكىلاتنىڭ ۋە شەخسنىڭ مەنپەئىتىنى دەپ دۆلەت مەنپەئىتىگە زىيان سېلىشتىن باش تارتمايدۇ.

ئىككىنچىدىن، ئەتكەسچىلىك چىرىكلىك بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان سىياسەتنى تەكشۈرمەسلىك، پرىنسىپنى تەكشۈرمەسلىكتەك چاكىنا ئىستىل بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك. ئەتكەسچى-لىك يامراپ كەتتى، چىرىكلىك ئېغىرلىشىپ كەتتى، چىرىكلىك ئەتكەسچىلىكنى قوغدىدى، ئەتكەسچىلىك ئىگىلىككە زىيان سالدى، دۆلەتكە ئاپەت كەلتۈردى. كۆپلىگەن پاكىتلار شۇنى ئىسپاتلىدىكى، قايسى جايلاردا، قايسى ئورۇنلاردا ئەتكەسچىلىك ئېغىر بولسا، شۇ جايلاردا، شۇ ئورۇنلاردا چىرىكلىكمۇ ناھايىتى ئېغىر بولىدۇ. پارتىيە ئىچىدە ساقلانغان چاكىنا ئىستىللار ئەتكەسچىلىك ۋە چىرىكلىكنىڭ ئۈنۈملۈك توسۇۋېلىنماسلىقىغا سەۋەبچى بولماقتا. ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ئەنزىلىرىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغاندا، تەرەپ-تەرەپتىن يان باسقۇچىلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قاتمۇقات توسالغۇ پەيدا قىلىشى ئەنزىنىڭ ئۈزۈل-كېسىل ئېنىقلانماي ۋە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىنماي قېلىشىغا سەۋەب بولماقتا.

بۇنىڭدىن باشقا، ھازىر يۇرگۈزۈلۈۋاتقان ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسى ۋە تۈزۈمىنىڭ ساغلام بولماسلىقى، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنىڭ ئاجىز بولۇشى، قانۇننىڭ قاتتىق ئىجرا قىلىنماسلىقى، زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىقمۇ ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىپ كېتىشىدىكى مۇھىم سەۋەب ھېسابلىنىدۇ. 1987-يىلى ئېلان قىلىنغان «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تاموژنا قانۇنى»دا مۇنداق ئېنىق بەلگىلىمە بەلگىلەنگەنىدى: ئەتكەسچىلىك ئەنزىسىنى بىر تەرەپ قىلغاندا مالنى مۇسادىرە قىلىش شەرت، شۇنداقلا مالنىڭ قىممىتىدىن تۆۋەن جەرىمانە قويۇشقا بولىدۇ؛ ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە توشقان بولسا، قانۇن بويىچە جىنايى ئىشلار جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتۈرۈش كېرەك. بۇ قانۇنىي بەلگىلىمە ئۇزاقتىن بۇيان ئىجرا قىلىنماي قالدى. بەزى جايلاردىكى قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرى ۋە ئەدلىيە تارماقلىرى مۇسادىرە قىلىشنىڭ ئورنىغا جەرىمانە قويۇشنى دەسسىتىش، باج ئېلىشنىڭ ئورنىغا جەرىمانە قويۇشنى دەسسىتىش، جازا بېرىشنىڭ ئورنىغا جەرىمانە قويۇشنى دەسسىتىش ئۇسۇللىرىنى قوللىنىپ، ئەمەلىيەتتە ئەتكەسچىلىككە يول قويدى، ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ يامراپ ،كېتىشىگە مەدەت بەردى.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پارتىيىمىز ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايەتكە، جۈملە-دىن ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە زەربە بېرىشكە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى. يولداش دېڭ شياۋپىڭ 1982-يىلىلا مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”ئىككى تەرەپتىن ئىش كۆرۈشىمىز كېرەك، ئۇنىڭ بىرى، سىرتقا ئىشكنى ئېچىۋېتىش ۋە ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش، يەنە بىرى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىش. ئىقتىسادىي ساھەدىكى جىنايى ھەرىكەت-لەرگە زەربە بېرىلمىسە، سىرتقا ئىشكنى ئېچىۋېتىش سىياستى جەزمەن مەغلۇپ بولۇش بىلەنلا قالماي، ئىچكى جەھەتتە ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇش سىياستىمۇ جەزمەن مەغلۇپ بولىدۇ.“ بىز شۇ چاغدىن تارتىپلا ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە قەتئىي بوشاشماي زەربە بېرىپ كەلدۇق. باش شۇجى جياڭ زېمىن يېقىنقى بىرنەچچە يىلدا ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ھەققىدە بىر قاتار مۇھىم يوليورۇقلارنى بەردى. ئۇ مۇنداق دېدى: مەيلى مەركەز بولسۇن ياكى جايلار بولسۇن، ھەممىمىز بىر كېمىدە تۇرۇۋاتىمىز، ھەممە يولداشلار بىر ياقىدىن باش، بىر يەڭدىن قول چىقىرىشى، ھەممەيلەن بوران-دولقۇنغا قارىماي، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىغا قاراپ قەتئىي ئىرادە بىلەن بىرلىكتە ئىلگىرىلىشى لازىم. ئەگەر بىز بىر نىيەتتە بولماي، ئۆز بىلگىنىمىزچە ئىش قىلساق، بولۇپمۇ ئەتكەسچىلىكنىڭ يامراپ كېتىشىگە ۋە باشقا چىرىكلىك ھادىسىلىرىنىڭ ئەۋج ئېلىشىغا يول قويساق، كېمىمىز ئاغدۇرۇلۇپ قالغاندا، ھەممىمىز سۇغا چۈشۈپ كېتىدىغان گەپ. بۇ چوڭقۇر مەنىلىك سۆزلەر كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ. باش شۇجى جياڭ زېمىن ئۆلۈشكۈن بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ۋەكىللىرىنى قوبۇل قىلغاندا مۇنداق دەپ يەنە بىر قېتىم تەكىتلىدى:

نۆۋەتتىكى ئەتكەسچىلەرنىڭ ناھايىتى ئۆسۈپ كەتكەن ھەيۋىسىگە زەربە بېرىش ئۈچۈن، ئىرادىمىز قەتئىي، ھەرىكىتىمىز چاققان، تەدبىرىمىز چىڭ، جازالىشىمىز قاتتىق بولۇشى لازىم. بۇنداق ئېغىر جىنايى ھەرىكەتلەرگە قەتئىي زەربە بېرىشىمىز، ھەرگىزمۇ يۇمشاق قوللۇق قىلماسلىقىمىز لازىم. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەر يولداش دېڭ شياۋپىڭ، يولداش جياڭ زېمىننىڭ سۆزلىرىنىڭ روھىنى چوقۇم چوڭقۇر چۈشىنىپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي بىخەتەرلىكىنى قوغداش، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىياتىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش، دۆلەتنىڭ ئۇزاققىچە ئامان بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، ئەتكەسچىلىككە قاتتىق زەربە بېرىشنىڭ مۇھىملىقى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق تونۇپ يېتىپ، ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقنى ئاشۇرۇشى كېرەك. تېخىمۇ چىڭ ئىرادە باغلاپ، تېخىمۇ كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، ئەتكەسچىلەرنىڭ ناھايىتى ئۆسۈپ كەتكەن ھەيۋىسىگە قەتئىي زەربە بېرىشىمىز كېرەك.

## 2. ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى بىرنەچچە مەسىلە

باش شۇجى جياڭ زېمىننىڭ ئۈلۈشكۈن يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلغاندا سۆزلىگەن مۇھىم سۆزى ۋە يولداش ۋۇ يىنىڭ خىزمەت دوكلاتىدا، ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش توغرىسىدىكى ئومۇمىي تەلەپ ۋە خىزمەت ئورۇنلاشتۇرمىسى ئېنىق سۆزلەنگەن بولۇپ، كۆپچىلىك ئۇنى ئەستايىدىل ئۆزلەشتۈرۈشى ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى كېرەك. بۇ يەردە مەن تۆۋەندىكىدەك بىرنەچچە مەسىلىنى يەنە تەكىتلەپ ئۆتەي.

**(1) مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇش كېرەك**

ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە تېز ھەم قاتتىق زەربە بېرىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن بۇ يىل 7-ئايدىن تارتىپ يىلنىڭ ئاخىرىغىچە، ۋاقتىنى، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، پۈتۈن مەملىكەت دائىرىسىدە ئەتكەسچىلىككە قارشى بىر قېتىملىق كەڭ كۆلەملىك بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۈرەش ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى تەرەپلەر دەرھال ھەرىكەتكە كېلىپ، ئەتكەسچىلىك قىلغۇچى كۈچلەرگە قارىتا كۈچلۈك ھۇجۇم قوزغاپ، ئۇنىڭغا ھالاكەتلىك زەربە بېرىشى كېرەك.

بۇ قېتىمقى ئەتكەسچىلىككە قارشى بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۈرەشنى ياخشى ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، نۇقتا بىلەن ئومۇمىي دائىرىنى بىرلەشتۈرۈپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. ئەتكەس مال نۇقتىسىدىن قارىغاندا، تەييار ماي، پىكاپ، تاماكا، ئوغرىلىقچە ئىشلەنگەن لازىر نۇر پلاستىنكا قاتارلىق ماللار مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى كېرەك، سۇ ماي، موتسىكلىت، خىمىيە سانائىتى ماتېرىياللىرى، توقۇمىچىلىق ماتېرىياللىرى، قول تېلېفونى، ھېسابلاش ماشىنىسى قاتارلىق ماللارغا چېتىلىدىغان ئەتكەسچى-لىككىمۇ قەتئىي زەربە بېرىش لازىم. ئەتكەسچىلىك بولۇۋاتقان رايونلار نۇقتىسىدىن قارىغاندا، گۇاڭدۇڭ، گۇاڭشى دېڭىز بويى رايونلىرىدىكى بولۇپمۇ جۇجياڭ دەرياسى رايونلىرىدىكى دېڭىز (دەريا) ئارقىلىق بولىدىغان ئەتكەسچىلىك، شۇنىڭدەك جۇڭگو بىلەن ۋيېتنامنىڭ چېگرىسى بولغان بېيلۇنخې دەرياسى بويلىرىدىكى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرى مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى لازىم. بۇ رايونلاردىكى ئەتكەسچىلىكنىڭ دائىرىسى كەڭ، ئەتكەس ماللارنىڭ مىقدارى زور بولۇپ، تەسىرى يامان. فۇجيەن، جېجياڭ قاتارلىق دېڭىز بويى رايونلىرى ۋە ئىچكى قۇرۇقلۇقتىكى ئالاقىدار چېگرا رايونلاردىمۇ زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئەتكەسچىلىك ئۇسۇلى ۋە يولى نۇقتىسىدىن قارىغاندا، ئىمپورت-ئېكسپورت ھالقىلىرىدا يالغان تەستىق، يالغان تالون، يالغان تامغا بىلەن قىلىنىدىغان ئەتكەسچىلىككە ۋە يالغان مەلۇم قىلىش، يوشۇرۇپ تىقىۋېلىش قاتارلىق كۆز بويامچىلىق ئۇسۇللىرى بىلەن قىلىنىدىغان ئەتكەسچىلىككە، شۇنىڭدەك پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ۋە باجدىن خالىي رايون (ئامبار)لاردىن پايدىلىنىپ قىلىنىدىغان ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش مۇھىم نۇقتا قىلىنىشى لازىم. نۇقتىلىق ماللار، نۇقتىلىق رايونلار ۋە نۇقتىلىق يوللاردىكى ئەتكەسچى-لىككە قارىتا، ئالاھىدە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش لازىم.

بۇ يەردە نۇقتىلىق ھالدا مۇنداق ئىككى مەسىلىنى تەكىتلەيمەن: ئۇنىڭ بىرى، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىدىن پايدىلىنىپ قىلىنىدىغان ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش مەسىلىسى، يەنە بىرى، قانۇنىي ئىگىنىڭ ئەتكەسچىلىككە بولۇپمۇ ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشى بار قانۇنىي ئىگىنىڭ ئەتكەسچىلىكىگە زەربە بېرىش مەسىلىسى.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى ئىگىلىكىمىزنىڭ تەرەق-قىياتىدا مۇھىم، ئاكتىپ رول ئوينىدى، بۇنى تولۇق مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. لېكىن پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى نۇرغۇن مەسىلىلەرنىمۇ كەلتۈرۈپ چىقاردى. بولۇپمۇ يېقىنقى بىرنەچچە يىلدىن بۇيان پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىدىن پايدىلىنىپ ئەتكەسچىلىك قىلىش مەسىلىسى بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ، دېڭىزدىكى ئەتكەسچىلىككە قارىغاندا ئۇنىڭ كۆلىمى تېخىمۇ چوڭ، زىيىنى تېخىمۇ زور. بۇ يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىدا پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ ئېكسپورت سوممىسى مەملىكىتىمىزنىڭ ئېكسپورت ئومۇمىي سوممىسىنىڭ

54 پىرسەنتىنى ئىگىلىگەن. بۇ يىل 1-ئايدىن 5-ئايغىچە، مەملىكەت بويىچە پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىدىن پايدىلىنىپ ئەتكەسچىلىك قىلىش جۇملىسىگە كىرىدىغان چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىدىن 157سى قولغا چۈشۈرۈلدى، ئەنزىگە چېتىلغان ماللارنىڭ قىممىتى 1 مىليارد 10 مىليون يۈەن بولۇپ، قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەتكەس ماللارنىڭ ئومۇمىي قىممىتىنىڭ 45 پىرسەنتىنى ئىگىلەيدۇ. بۇ خىل ئەنزىلەر ئىچىدە، ”ئۈچ خىل مەبلەغ“ كارخانىلىرى خېلى زور نىسبەتنى ئىگىلىگەن. ئەگەر بۇ خىل ئۇسۇل بىلەن ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرى توسۇۋېلىنمايدىغان بولسا، ئەتكەسچىلىك ئېغىر بولۇش ھالىتىنى تۈپتىن ئۆزگەرتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىدىن پايدىلىنىپ ئېلىپ بېرىلىدىغان ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە مەردانىلىك بىلەن زەربە بېرىش كېرەك. پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى كارخانىلىرى ئۈستىدىكى نازارەتچىلىك ۋە باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش لازىم؛ پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسى كارخانىلىرى ۋە ”ئۈچ خىل مەبلەغ“ كارخانىلىرىنىڭ تېزىملاش قوللانمىسىنى ئېلىپ سېتىش ۋە ماتېرىيال-زاپچاس، تەييار مەھسۇلاتلارنى ھەم باج كېمەيتىلگەن، كەچۈرۈم قىلىنغان ماللارنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ئىچكى بازاردا سېتىشتەك قىلمىشلىرىنى قانۇن بويىچە قەتئىي تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش لازىم. پىششىقلاپ ئىشلەش سودىسىنىڭ يېڭى تۈرلىرىنى تەكشۈرۈپ تەستىقلاشتا، قاتتىق كونترول قىلىش لازىم، ئالاقىدار تارماقلار تېزدىن مۇھاكىمە قىلىپ كونكرېت چارە-تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىشى لازىم.

قانۇنىي ئىگىنىڭ ئەتكەسچىلىكى كارخانىلار، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ شۇنىڭدەك بەزى جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرى، ئەدلىيە تارماقلىرى باشقۇرغان شىركەتلەر ھەم ئۇلارغا بېقىنىدىغان شىركەتلەرنىڭ ئەتكەسچىلىكىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇلارنىڭ ئەتكەسچىلىكى مىقدارى زور، خاراكتېرى ئېغىر، ۋاستىسى رەزىل، زىيىنى ئىنتايىن زور بولۇش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. بۇ قېتىمقى زەربە بېرىش ھەرىكىتىدە قانۇنىي ئىگىنىڭ ئەتكەسچىلىكىگە نۇقتىلىق زەربە بېرىش، بولۇپمۇ ئالاھىدە ئارقا كۆرۈنۈشى بار قانۇنىي ئىگىنىڭ ئەتكەسچىلىكىگە زەربە بېرىش، قانۇنىي ئىگە ئەتكەسچىلىكىگە تەشكىللاتچىلىق قىلغۇچى، يول كۆرسەتكۈچى، قاتناشقۇچى ۋە پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ مەدەت بەرگۈچىلەرنى قاتتىق جازالاش، ئۇلارنى ئاساسلىق باشقۇرغۇچى ئورگان ۋە ئورۇنلارنىڭ ئاساسىي رەھبەرلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم. جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلىش تارماقلىرى، ئەدلىيە تارماقلىرى ئۆز قارىمىقىدىكى ئورۇنلار باشقۇرغان شىركەتلەر ۋە شۇ ئورۇنلارغا بېقىنىدىغان شىركەتلەر ئىچىدە ساقلانغان ئەتكەسچىلىك قىلىش، ئەتكەسچىلىكنى قوغداش مەسىلىسىنى جەزمەن ئەستايىدىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى لازىم. بۇ قېتىمقى ئەتكەسچىلىككە قارشى بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۈرەشنىڭ ئۈنۈمىنىڭ قانداق بولۇشىغا ھۆكۈم قىلىشتا، ناھايىتى مۇھىمى

قانۇنى ئىگە ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىشنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالىغا ۋە ئۇنىڭ نەتىجىسىگە قاراش كېرەك.

بۇ قېتىمقى ئەتكەسچىلىككە قارشى بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۈرەشتە، مۇنداق ئۈچ ھالقىنى ئوبدان تۇتۇش كېرەك. بىرىنچىدىن، ئەتكەسچىلىك قىلغۇچى شاملىنى تېزدىن توسۇۋېلىش، ئەتكەسچىلىك ئەنزىلىرىنىڭ پەيدىن يۈز بېرىشىنى توختىتىش كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتىنىڭ «دېڭىزدا تۇتۇش، قىرغاقتا توسۇش، پورتتا تەكشۈرۈش، بازاردا باشقۇرۇش، قاتتىق جازا بېرىش» فاڭجېنىنى داۋاملىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، زەربە بېرىش بىلەن ئالدىنى ئېلىشنى بىرلەشتۈرۈش كېرەك. ئىككىنچىدىن، يۈز بېرىپ بولغان ئەتكەسچىلىك ئەنزىلىرىنى ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش، ئەتكەسچى جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك، بىرنى ئۆلتۈرۈپ قالغانلارغا ئىبرەت قىلىش، ئەتكەسچىلەرنى چۆچۈتۈش، كادىرلار ۋە ئاممىنى تەربىيىلەش يۈزىسىدىن، قانۇن بويىچە بىر تۈركۈم كىشىلەرنى ئۆلتۈرۈش كېرەك. ئۈچىنچىدىن، ئۇنىۋېرسال تۈزەش، يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن نېگىزىدىن ھەل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈش يولىنى تۇتۇپ، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىشنىڭ كۈچلۈك بولماسلىق مەسىلىسىنى تۈپ ئاساسىدىن ھەل قىلىش كېرەك. قىسقىسى، مەملىكەت بويىچە ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىدىغان، ئەتكەسچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان يېڭى ۋەزىيەتنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

**(2) كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئەتكەسچى كۈچلەرنىڭ ئۆسۈپ كەتكەن ھەيۋىسىگە قەتئىي زەربە بېرىش كېرەك**

ئىلگىرىكى ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، پەقەت چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى ئۈزۈل-كېسىل تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىپ، ئەتكەسچى جىنايەتچىلەرگە قاتتىق زەربە بەرگەندىلا، ئاندىن ئەتكەسچى كۈچلەرنى قاتتىق چۆچۈتكىلى، شۇنداقلا كادىرلار ۋە ئاممىنى تېخىمۇ ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدۇ. 80-يىللارنىڭ باشلىرىدا، گۇاڭدۇڭ ئۆلكىسىدىكى خەيفېڭ ناھىيىسىدە ئەتكەسچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەندى، ئەينى چاغدا ئەتكەسچىلىك ھەرىكىتىگە يول قويغان، مەدەت بەرگەن سابىق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسى قانۇن بويىچە كەسكىنلىك بىلەن باستۇرۇلغانلىقى ئۈچۈنلا، بۇ جايدىكى ئەتكەسچىلىك ئېغىر بولۇش ھالىتى تېزدىن ئوڭشىۋېلىندى. شۇنىڭغا ئوخشاشلا، 1993-يىلى شەندۇڭ ئۆلكىسىنىڭ رۇشەن ناھىيىسىدە ئەتكەسچىلىك ئەۋج ئېلىپ كەتكەندىمۇ، ئەتكەسچىلىك جىنايىتىدىكى باش جىنايەتچىگە قانۇن بويىچە ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ھەمدە سابىق ناھىيىلىك پارتكوم شۇجىسىغا كېچىكتۈرۈپ ئىجرا قىلىنىدىغان ئۆلۈم جازاسى بېرىلگەنلىكى ئۈچۈن، تېزدىنلا بىرنى ئۆلتۈرۈپ قالغانلارغا ئىبرەت قىلىشتەك ئۈنۈم ھاسىل قىلىندى. دېمەك، بىز ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش كۈرىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرىمىز ۋە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قازىنىمىز دەيدىكەنمىز، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ، نۇقتىلىق ھالدا ئەتكەس مال مىقدارى

غايەت زور، قىلمىشى ئېغىر بولغان بىر تۈركۈم تىپىك ئەنزىلەرنى تېز ئېچىپ، ئەتكەسچى جىنايەتچىلەرگە تېزدىن قاتتىق زەربە بېرىشىمىز لازىم.

ئەتكەسچىلىككە دائىر چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش كېرەك. ئەنزە يۇز بېرىش نىسبىتى يۇقىرى، چوڭ ئەنزە كەينىگە سۆرۈلۈپ بوغۇلماي كەلگەن جايلار ۋە ئورۇنلاغا قارىتا، مەركەز ۋە ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاستە قاراشلىق شەھەر) مەخسۇس كۈچ ئۇيۇشتۇرۇپ بىۋاستە تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشى كېرەك. ئەنزە بېجىرىش خىزمىتىگە بولغان يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش كېرەك. چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى ئاساسلىق رەھبەر بىۋاستە ئۆزى سۈرۈشتە قىلىشى، كۆپ تارماقلارغا، كۆپ جايلارغا چېتىلىدىغان چوڭ ئەنزىلەرنى ئالاقىدار جاي ۋە تارماقلار بىرلىشىپ باشقۇرۇشى، ئەنزە باشقۇرۇش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى كېرەك.

ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىشتا، ھەققىي تۇتۇش قىلىش، قاتتىق قوللۇق قىلىش، بارلىق توسالغۇ ۋە كاشىلىلارنى قەتئىي تۈگىتىش كېرەك. ئەنزىنىڭ قايسى ئورۇنغا، قايسى ئادەمگە چېتىلىشىدىن قەتئىينەزەر، ئاخىرىغىچە تەكشۈرۈش ھەمدە قانۇن بويىچە تېزدىن قاتتىق جازا بېرىش، ھەرگىز ئورۇنسىز يول قويماسلىق كېرەك. خاراكتېرى يامان، قىلمىشى ئېغىر بولغان ئەتكەسچى جىنايەتچىلەرگە قانۇن بويىچە ئەڭ قاتتىق قانۇنىي جازا بېرىش كېرەك. ئارىغا ئادەم قويۇش شاملىنى قەتئىي توسۇش كېرەك، كىم جىنايەتچىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلسا، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، تەپتىش تارماقلىرى شۇنى ئاۋۋال تەكشۈرۈپ باقسۇن، مەركىزىي تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ «مەركىزىي نۇقتىلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە زىيارەت» گۇرۇپپىسى زىيارەت قىلىپ باقسۇن، شۇنىڭ بىلەن ئەتكەسچى جىنايەتچىلەرگە ۋە ئۇنىڭغا يان باسقۇچى، ياخشى گېپىنى قىلغۇچىلارغا دالدا جاي بولمىسۇن. ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش بويىچە ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش چىقىرىش تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلارنىڭ ئەنزىنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇشىغا ھەيدەكچىلىك قىلىش كېرەك. تېخى بوغۇلمىغان چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزىلەرنى چىڭ تۇتۇپ بوغۇۋېتىش، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. ئاممىۋى نازارەتچىلىك ۋە جامائەت پىكرى نازارەتچىلىكىنى كۈچەيتىش، تىپىك ئەنزىلەرنى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلغانلىق نەتىجىسىنى ۋاقتىدا ئاشكارا ئېلان قىلىش، شۇ ئارقىلىق ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىشتىكى تەھدىت كۈچىنى ئاشۇرۇش كېرەك.

**(3) ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇش يېڭى تۈزۈلمىسىنى بەرپا قىلىش كېرەك**

ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش ئۈچۈن، پارتىيە مەركىزىي

كومتېتى ۋە گوۋۇيۈەن هازىرقى ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە زور ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى قارار قىلدى.

بىرىنچىدىن، دۆلەتنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرگۈچى ساقچىلار قوشۇنىنى قۇرۇپ، مەخسۇسلا ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشكە مەسئۇل قىلىش. دۆلەتنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرگۈچى ساقچىلىرى ئەتكەسچىلىك جىنايىتى ئەنزىلىرىنى قانۇن بويىچە تەھقىقلەش، تۇتۇپ تۇرۇش، قولغا ئېلىش، تەييارلىق سوراق قىلىش ۋەزىپىلىرىنى ئىجرا قىلىدىغان مەخسۇس جىنايى ئىشلار ساقچىلىرى قوشۇنىدۇر. دۆلەتنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرگۈچى ساقچىلىرى تاموژنا بىلەن جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى بىۋاستە قوش رەھبەرلىك قىلىش، تاموژنىنىڭ رەھبەرلىكىنى ئاساس قىلىشتەك باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى يولغا قويىدۇ، تاموژنىنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش خىزمىتى توغرىسىدىكى بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرمىسى ۋە قوماندانلىقىغا ئاساسەن ساقچى كۈچىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ۋەزىپىنى ئىجرا قىلىدۇ. دۆلەتنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرگۈچى ساقچىلىرى جەمئىيەت ئامانلىقىنى ساقلاش ۋە باشقا جىنايى ئىشلار جىنايەتلىرىگە زەربە بېرىش ۋەزىپىسىنى ئۈستىگە ئالمايدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يەرلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئورگانلىرى ئوتتۇرىسىدا بېقىندىلىق مۇناسىۋەت يوق. ئەتكەسچىلىك ئەنزىلىرى باشقا ئىقتىسادىي ئەنزىلەر، جىنايى ئىشلار ئەنزىلىرىنىڭكىگە ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە، ئەتكەسچىلىك دۆلەت (چېگرا) ھالقىيدىغان جىنايى ھەرىكەت بولۇپ، يىپ ئۇچى تېزدىنلا يوقاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۆز پەيتىدە دەرھال تەدبىر قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. دېمەك، دۆلەتنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرگۈچى ساقچىلار قوشۇنىنى قۇرۇش ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە تېز، كۈچلۈك زەربە بېرىشكە پايدىلىق. بۇ دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى كۆزدە تۇتۇپ،، خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان چارىنى ئەينەك قىلىش ئاساسىدا بەلگىلەنگەن بىر تۈرلۈك ئىسلاھات تەدبىرىدۇر.

ئىككىنچىدىن، بىرلىشىپ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش، بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىش. كۆپ تارماقلارنىڭ قېلىپلاشمىغان ئۇسۇل بىلەن ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشى، ھەر تارماقنىڭ ئۆز ئالدىغا سىياسەت بەلگىلىشى، تەرتىپنىڭ قالايمىقان بولۇشىدەك بۇرۇنقى ئىللەتلەرنى تۈگىتىش ئۈچۈن، تاموژنىنى ئاساس قىلغان ھالدا، جامائەت خەۋپسىزلىكى تارماقلىرى، سودا-سانائەتنى مەمۇرىي باشقۇرۇش تارماقلىرى قاتارلىق قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار بىرلىشىپ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرىدىغان، قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەتكەسچىلىك ئەنزىلىرىنى تاموژنا بىر تۇتاش بىر تەرەپ قىلىدىغان تۈزۈمنى ئورنىتىش لازىم. قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار قولغا چۈشۈرگەن، ئەتكەسچىلىك جىنايىتىگە توشمىغان ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى تاموژنىنىڭ مەمۇرىي جازا بىلەن بىر تەرەپ قىلىشىغا ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ ئەتكەسچىلىك جىنايىتى گۇمانى بار ئەنزىلەرنىڭ ھەممىسى ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرگۈچى ساقچىلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە ئۆتكۈزۈلىدۇ؛ قولغا چۈشۈرۈلگەن ئەتكەس ماللار

ۋە مال پۇللىرىنىڭ ھەممىسى تاموژنىغا تاپشۇرۇلۇپ، تاموژنا ئارقىلىق ئۆز ۋاقتىدا دۆلەت خەزىنىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ، ھەرقانداق ئورۇننىڭ تۇتۇپ قېلىپ چىقىم قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

ئۈچىنچىدىن، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشتە ھازىر يۈرگۈزۈلۈۋاتقان جەرىمانە-مۇسادىرە كىرىم-چىقىمنى باشقۇرۇش چارىسىنى ئىسلاھ قىلىپ، كىرىم بىلەن چىقىمنى ئايرىم-ئايرىم باشقۇرۇش تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش. ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشتىكى جەرىمانە-مۇسادىرە كىرىمى پۈتۈنلەي مەركەز مالىيىسىگە تاپشۇرۇلىدۇ. مەركەز مالىيىسى ئۇنىڭ 30 پىرسەنتىنى تۇتۇپ قېلىپ تاپشۇرمىغان باجنى تولەش ئۈچۈن ئىشلىتىدۇ. قالغان قىسمىنىڭ 50 پىرسەنتىنى ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرگۈچى ئالاقىدار تارماقلارنىڭ ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشكە كېرەكلىك قورال-ياراغلارنى ياخشىلاش، ئەنزە باشقۇرۇش، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشتە خىزمەت كۆرسەتكەن ئورۇن ۋە خادىملارنى مۇكاپاتلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىدۇ، 50 پىرسەنتىنى ئۆلكىلىك مالىيىگە قايتۇرۇپ بېرىدۇ، ئۇنى ئۆلكە (ئاپتونوم رايون، بىۋاسىتە قاراشلىق شەھەر) بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرىدۇ، بۇمۇ ئاساسەن ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇش خىزمىتىگە ئىشلىتىلىدۇ. ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشتىكى جەرىمانە، مۇسادىرە كىرىمىدىن يەنە بىر قىسمىنى ئاجرىتىپ، زەھەرلىك چېكىملىكلەرنى تەكشۈرۈش قوشۇنىنى يۆلەش ۋە مۇكاپاتلاش ئىشلىرىغا ئىشلىتىش لازىم. مەركەز مالىيىسى قايتۇرۇپ بېرىش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇرۇپ، ئىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشى لازىم.

يۇقىرىقى ئىسلاھات تەدبىرلىرىنى يولغا قويغاندا، ھەم ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈش كۈچىنى ئاشۇرغىلى، ھەم ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە ۋاقتىدا، ئۈنۈملۈك زەربە بېرىشكە تۈزۈلمە، مېخانىزم جەھەتلەردىن كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ، ئۇ دۆلەتنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، مەمۇرىي ئىشلارنى قانۇن بويىچە يۈرگۈزۈش تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇپ، تامامەن زۆرۈر. ئۇنى ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەر ئەستايىدىل ئىجرا قىلىشى لازىم.

ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىشنى قانۇنچىلىقنى كۈچەيتىش، تەرتىپنى ئوڭشاش، نازارەت قىلىش-باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، چىرىكلەشكەنلەرنى جازالاش بىلەن ئۈزىدان بىرلەشتۈرۈش كېرەك. جايلاردىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە ئورگانلىرى ۋە قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلار، ئەدلىيە تارماقلىرىنىڭ ھەممىسى ئۆزى باشقۇرغان شىركەتلەر ۋە ئۆزىگە بېقىندىغان شىركەتلەرنى رەتكە سېلىشى ھەمدە بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆزى باشقۇرغان شىركەتلەر ۋە ئۆزىگە بېقىندىغان شىركەتلەر بىلەن ئادەم، مالىيە، مال-مۈلۈك قاتارلىق جەھەتلەردىن ئۈزۈل-كېسىل ئالاقىنى ئۈزۈۋېتىشى كېرەك. بۇ ئىش تەكىتلەنگىنىگە كۆپ يىل بولغان بولسىمۇ، ھازىرغىچە تۈزۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلمىدى. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىنى ۋە ئارمىيە، قوراللىق ساقچى قىسمىنى دۆلەت باقىدۇ،

ئۇلارنىڭ سودا قىلىپ شىركەت باشقۇرۇشىغا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇ نۆۋەت قەتئىي نىيەتكە كېلىپ، چىڭ تۇتۇپ بۇ مەسىلىنى ھەل قىلىش كېرەك. مەسىلىسى مۇرەككەپ بولغانلىرىمۇ ئاۋۋال ئالاقىنى ئۈزۈشى، ئاندىن رەتكە سېلىنىشى كېرەك. ئەتكەس مال سودا بازىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك رەتلەپ، قەتئىي ئەمەلدىن قالدۇرۇش، ئەتكەس ماللارنى ئېلىپ سېتىش ھەرىكىتىگە قاتتىق زەربە بېرىش كېرەك. ھازىر قانۇن-تۈزۈم مۇكەممەل ئەمەس، بار بولغان بەزى قانۇن، نىزامنىڭمۇ كۆچى يېتەرلىك ئەمەس، ۋەزىيەت تەرەققىياتىغا ۋە ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەشنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ئالاقىدار قانۇن، نىزاملارنى چىڭ تۇتۇپ تۈزۈتىپ ۋە بەلگىلەپ، تۈرلۈك باشقۇرۇش تۈزۈملىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەممە قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىپ، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىشنى قانۇنچىلىق يولىغا سېلىش كېرەك.

## 3. رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇش لازىم

ئەتكەسچىلىك جىنايى ھەرىكەتلىرىگە زەربە بېرىش ئىشىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش ھەم نۆۋەتتىكى ئىنتايىن مۇھىم بىر خىزمەت، ھەم ئۇزاق مۇددەتلىك، مۇشكۈل ۋەزىپە. ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر بۇنىڭغا يۈكسەك دەرىجىدە ئەھمىيەت بېرىپ، ھەقىقىي رەۋىشتە رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، بۇ خىزمەتنى مۇھىم ئىشلار كۈنتەرتىپىگە قويۇشى لازىم. ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار ۋە ھەرقايسى تەرەپلەر سىياسەتنى تەكىتلىشى، ئومۇمىيلىقنى تەكىتلىشى، ئىنتىزامنى تەكىتلىشى، ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى ھەقىقىي تۈردە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسى ھەم تەلىپى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈشى لازىم. ئەتكەسچىلىككە قارشى كۈرەش بويىچە دەرىجىمۇ دەرىجە رەھبەرلىك مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى بەرپا قىلىش، بولۇپمۇ ئەتكەسچىلىك ئېغىر بولغان جايلاردا، پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ئۆزى بىۋاسىتە تۇتۇپ، مەسئۇلىيىتىنى ھەقىقىي تۈردە ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. رەھبەرلىكى ئاجىز بولغان، زەربە بېرىشى كۈچلۈك بولمىغان، ھەتتا ئىككى يىلىملىك قىلىپ، بەلگىلەنگەن مۇددەت ئىچىدە ئۆز رايونى، ئۆز ئورنىدىكى ئەتكەسچىلىك يامراپ كەتكەن ھالەتنى ئۆزگەرتەلمىگەن پارتىيە، ھۆكۈمەت ئاساسلىق رەھبەرلىرىنىڭ جاۋابكارلىقىنى سۈرۈشتە قىلىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا-سانائەت، تەپتىش تارماقلىرى ۋە سوت مەھكىمىلىرى ئەتكەسچى-لىككە زەربە بېرىشنى مۇھىم ۋەزىپە دەپ بىلىشى كېرەك. ھەرقايسى ئالاقىدار تارماقلار زىچ ماسلىشىپ، تەڭ تۇتۇپ بىرلىكتە باشقۇرۇپ، ماس ھالدا ھەرىكەت قىلىپ، ئۈنۈملۈك سال تۈزەش ئېلىپ بېرىپ، ئەتكەسچى-لىككە زەربە بېرىش مەسئۇلىيىتى ۋە ۋەزىپىسىنى ئورتاق ئۈستىگە ئېلىشى لازىم. خەلق ئاممىسىنى كەڭ

قوزغاپ ۋە خەلق ئاممىسغا تولۇق تايىنىپ، ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىگە قارىتا ”كوچىدىن ئۆتكەن چاشقان ئۇر-ئۇرغا قاپتۇ“ دېگەندەك ئىجتىمائىي مۇھىتنى شەكىللەندۈرۈپ، ئەتكەسچىلىكنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىدىغان مۇستەھكەم قورغان قۇرۇپ چىقىش لازىم.

بۇ قېتىمقى ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىدىغان بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۆرەشنىڭ ئۈنۈمىگە ھۆكۈم قىلىشتا، نۇقتىلىق تاۋار، نۇقتىلىق رايون، نۇقتىلىق يوللاردىكى ئەتكەسچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ ئۈنۈملۈك توسۇۋېلىنغان-توسۇۋېلىنمىغانلىقىغا، ئەتكەسچىلىككە دائىر چوڭ ئەنزە، مۇھىم ئەنزە ۋە ئەتكەسچى جىنايەتچىلەرنىڭ تەلتۆكۈس بىر تەرەپ قىلىنغان-قىلىنمىغانلىقىغا، خەلق ئاممىسىنىڭ ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىشنىڭ نەتىجىسىگە ھەقىقىي رازى بولغان-بولمىغانلىقىغا قاراش كېرەك. گوۋۇيۈەن ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتىنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى ئۈستىدە ئومۇمىيۈزلۈك تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشنى تەشكىللەيدۇ.

تاموژنا قوشۇننى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرتىپكە سېلىش ۋە كۈچەيتىش لازىم. نۆۋەتتىكى ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش كۈرىشى ئىنتايىن مۇشكۈل ۋەزىپە، ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشنىڭ يېڭى تۈزۈلمىسىنى يولغا قويۇش مۇناسىۋىتى بىلەن تاموژنىغا تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپلەر قويۇلدى. مۇھىمى يۇقىرى ساپالىق، جەڭگىۋار تاموژنا قوشۇننى قۇرۇپ چىقىش كېرەك. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن تاموژنىغا ناھايىتى زور ئىشەنچ باغلىدى ۋە مۇھىم ۋەزىپىنى يۈكلىدى. ئومۇمىي جەھەتتىن قارىغاندا، تاموژنا قوشۇنىمىز ياخشى، نۇرغۇن نەتىجىلەرنى ياراتتى، لېكىن ئاشكارىلانغان مەسىلىلەرمۇ خېلىلا ئېغىر. بەزى تاموژنا خادىملىرى پارا يەپ ئەتكەس ماللارنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈۋەتتى، ھەتتا ئەتكەسچىلىككە قاتناشتى. سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا، 1993-يىلدىن 1997-يىلغىچە تاموژنا سىستېمىسى بويىچە پارا يەپ ئەتكەس ماللارنى تاموژنىدىن ئۆتكۈزۈۋېتىش، ئەتكەسچىلىككە قاتنىشىش ئەنزىسىدىن 211ى، ئەنزىگە چېتىلغان خادىمدىن 303ى تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان، بۇ پەقەت دىلو ئېچىپ تەكشۈرۈپ بىر تەرەپ قىلىنغان مەسىلىلەردۇر، بەزى مەسىلىلەر ئېھتىمال تېخى ئاشكارىلانمىغان بولۇشى مۇمكىن. تاموژنا ئەتكەسچىلەرنى تەكشۈرۈشتىكى ئاساسلىق تارماق ۋە ئاساسلىق كۈچ. ”باشقىلارنى توغرا يولغا باشلايمەن دېسەڭ، ئاۋۋال ئۆزەڭ توغرا يولدا ماڭ، ئۆزەڭ توغرا يولدا ماڭماي تۇرۇپ قانداقمۇ باشقىلارنى توغرا يولغا باشلىيالايسەن“ دېگەن گەپ بار. تاموژنا پاك-تەلەپچان بولۇشى، چىرىكلەشكەنلەرنى قاتتىق جازالىشى، ئۆز قوشۇنىدىكى زىيانداشلارنى قەتئىي تازىلاپ چىقىرىشى لازىم. بولۇپمۇ تاموژنا سىستېمىسىنىڭ رەھبەرلىك بەنزىسىنى تەرتىپكە سېلىپ ۋە كۈچەيتىپ، ئاجىز، ساپاسى تۆۋەن، رەھبەرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتەشكە لايىق بولمىغان خادىملارنى تاموژنىدىن قەتئىي يۆتكىۋېتىش، ھەقىقىي يۈز-خاتىر قىلمايدىغان، كىشىلەرنى رەنجىتىشتىن قورقمايدىغان، پىداكارلىق روھىغا ئىگە بولغان ھەم كەسپىنى تازا ئۆزلەشتۈرگەن بىر تۈركۈم خادىملارنى

تاللاپ تاموژنىنىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىسىگە كىرگۈزۈش كېرەك. ئۇز ۋەزىپىسىگە سادىق، يۇقىرى ئۇنۇملۇك، پاك، ئىنتىزامى چىڭ بولغان بىر ئەتكەسچىلىككە قارشى قوشۇننى يېتىشتۈرۈپ چىقىش كېرەك. تاموژنا قوشۇنىغا قارىتىلغان چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش تەربىيىسى ۋە كەسپىي ئەخلاق تەربىيىسىنى ئۇزلۇكسىز كۇچەيتىپ، خادىملارنىڭ ساپاسىنى ئومۇمىيۈزلۇك ئۆستۇرۇش كېرەك. تاموژنىدىكى ھەر بىر خىزمەتچى ھەق ئىشتا چىڭ تۇرۇپ، پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇشقا، كىشلەرنى رەنجىتىشكە جۈرئەتلىك بولۇپ، پارتىيە ۋە خەلق تاپشۇرغان مۇقەددەس بۇرچىنى ئىخلاس بىلەن ئادا قىلىشى، پارتىيىگە، خەلققە، دۆلەتكە سادىق بولۇپ، ئەتكەسچىلىككە قارشى كۇرەشتىكى قەيسەر قاراۋۇللاردىن بولۇشى لازىم. جامائەت خەۋپسىزلىكى، سودا-سانائەت قاتارلىق ئەتكەسچىلەرنى تەكشۇرگۈچى، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تارماقلارمۇ ئۇز قوشۇنىنى ھەقىقىي تۇردە تەرتىپكە سېلىشى، بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى كۇچەيتىشى، ئەتكەسچىلىككە زەربە بېرىش خىزمىتىنى ئاكتىپلىق، تەشەببۇسكارلىق ۋە ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلىشى لازىم. ئەتكەسچىلەرنى تەكشۇرۇشكە كېرەكلىك قورال-ياراغلارنى تولۇقلاپ ۋە كۇچەيتىپ، قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ھەممە پورتلاردا يۇك ساندۇقىنى رېنتگىندە تەكشۇرۇش سىستېمىسىنى ئورنىتىش ۋە يەنە ئەتكەسچىلەرنى تەكشۇرۇش كېمىسى، تىك ئۇچار ئايروپىلان قاتارلىق قورال-ياراغلارنى كۆپەيتىش، شۇنىڭ بىلەن ئەتكەسچىلىككە قارشى تۇرۇشتىكى جەڭگىۋار كۇچىنى ئاشۇرۇش لازىم.

مەملىكەت بويىچە ئەتكەسچىلىككە قارشى بىر كەڭ كۆلەملىك بىرلەشمە ھەرىكەت ۋە مەخسۇس كۇرەشنى قانات يايدۇرۇش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنىڭ ئوڭۇشلۇق ئەمەلگە ئېشىشىغا ۋە ئىگىلىكنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش يۇزىسىدىن ئېلىپ بارغان بىر مۇھىم ئورۇنلاشتۇرمىسى، شۇنداقلا چىرىكلىككە قارشى كۇرەشنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇش، پارتىيە ئىستىلى قۇرۇلۇشى ۋە پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۇچەيتىشتىكى مۇھىم تەدبىرى، ئۇ ئومۇمىيلىققا مۇناسىۋەتلىك بولۇپ، زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ھەممىمىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۇرۇپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشۇپ، روھىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، يەكدىللىق بىلەن ھەر خىل قىيىنچىلىقلارنى تۇگىتىپ، ئەتكەسچىلىككە قارشى كۇرەشنىڭ يېڭى غەلبىسىنى قولغا كەلتۇرۇپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئۇزلۇكسىز ئالغا سىلجىتايلى!

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئەركىنجان**

**مەسئۇل مۇھەررىر: تۇرسۇن رەھىم**

# دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا ئىگىلەشكە تېگىشلىك بىرنەچچە مەسىلە

سۇ خۇەيرېن

«ج ك پ مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيە ئىچىدە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇشى»دا ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىدە، ئەسىر ھالقىيدىغان تەرەققىياتتىن ئىبارەت تارىخىي يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تەرەققىيات ئومۇمىيىتى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش مەسىلىسى مۇپەسسەل بايان قىلىندى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەشۋىق قىلىش خىزمىتىنى يەنىمۇ ئوبدان ئىشلەش توغرىسىدا يېڭى تەلەپلەر ئوتتۇرىغا قويۇلدى. بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش—يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ پۈتۈن پارتىيىگە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىگە رەھبەرلىك قىلىپ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش يولىدىكى مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرى، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش يولىدىكى مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشى، پارتىيىنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى ساپاسىنى ئۆستۈرۈش يولىدىكى مۇھىم چارىسىدۇر. مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئۇقتۇرۇشى» ۋە يولداش جياڭ زېمىننىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەنىمۇ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ۋە ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىگە بولغان تونۇشىمىزنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈشىمىز لازىم.

## تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش كېرەك

تونۇشنى ئۆستۈرۈش—ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بۇ يەردە ئېيتىلغان تونۇشنى ئۆستۈرۈش دېگىنىمىز، ئەڭ مۇھىمى، مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»نىڭ روھىنى

ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بولغان تونۇشنى ئۆستۇرۇشنى، يولداش جياڭ زېمىننىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش خىزمەت يىغىنىدا قىلغان سۆزىنىڭ روھىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشقا بولغان تونۇشنى ئۆستۇرۇشنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم رېئال ئەهمىيەتىگە ۋە تارىخىي ئەهمىيىتىگە بولغان تونۇشنى ئۆستۇرۇشنى كۆرسىتىدۇ. بۇنى ئەمەلىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى، تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى، ئىشلىرىمىزنى ئالغا ئىلگىرىلىتىشنىڭ كاپالىتى دېگەن ئۈچ جەھەتتىن چۈشىنىشكە بولىدۇ.

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئەمەلىيەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى. يولداش جياڭ زېمىن «دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا چىڭ تۇرايلى» دېگەن ماقالىسىدە پەلسەپىۋى تۈسنى ئالغان ئىنتايىن مول مەزمۇنلۇق سۆزنى قىلغانىدى: ”ئۇلۇغ ئەمەلىيەت ئۇلۇغ نەزەرىيىگە موھتاج.“ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش—ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئۇلۇغ ئەمەلىيىتىنى ئىلگىرى سۈرۈشكە نەزەرىيە جەھەتتىن بېرىلگەن ئەڭ زور مەدەتتۇر. شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، پارتىيىمىز رەهبەرلىك قىلىۋاتقان ۋە شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمەلىيەت هەم ئۇلۇغ، هەم مۇشكۇل ئەمەلىيەت، ئۇ هەم ياخشى پۇرسەتكە، هەم جىددىي سىناققا دۇچ كېلىۋاتىدۇ. جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن، 15-قۇرۇلتاي ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى چۆرىدىگەن هالدا ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش هاسىل قىلىش، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇش، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى هەقىقىي كۈچەيتىش، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تەلەپ قىلدى. مۇشۇ نىشان ۋە ۋەزىپىلەرنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ هالقىسى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تۈرلۈك خىزمەتلەرگە يېتەكچى قىلىشتا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشتىن ئىبارەت. پارتىيىمىز رەهبەرلىك قىلىپ ئېلىپ بېرىۋاتقان جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئەمەلىيىتى ئاڭلىق ئەمەلىيەت، ئىلمىي ئەمەلىيەت، ئۇنىڭدا باشتىن-ئاخىر ئىلمىي نەزەرىيىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. هازىرقى زاماندىكى جۇڭگودا، بۇ ئىلمىي نەزەرىيە باشقا نەزەرىيە بولماستىن، بىردىنبىر توغرا نەزەرىيە ئىكەنلىكىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدۇر. بۇ نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگەنگەندىلا، ئاندىن توغرا يۆنىلىشتە چىڭ تۇرغىلى، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلىگىلى، ئەگرى يولدا ئازراق ماڭغىلى، شۇ ئارقىلىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى كۈچلۈك هالدا ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش تارىخىي تەرەققىياتنىڭ مۇقەررەرلىكى. پارتىيىمىزنىڭ 70 نەچچە يىلدىن بۇيانقى تارىخىي تەجرىبىلىرى شۇنى چۈشەندۈرىدۇكى، ئىلمىي نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىش-قوراللانماسلىق ئىنقىلاب ۋە قۇرۇلۇش ئىشلىرىدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ياكى مەغلۇب بولۇشنىڭ ئاچقۇچىدۇر. ماركسىزم توپ قائىدىلىرىنىڭ جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن ئۇبدان

بىرلەشتۈرۈلۈش-بىرلەشتۈرۈلمەسلىكى، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرنىڭ توغرا بولۇش-بولماسلىقى كۆپ ۋاقىتلاردا تامامەن ئوخشىمايدىغان نەتىجىلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە تارىخىي خاراكتېرلىك ئۇلۇغ بۇرۇلۇشنىڭ ئىشقا ئاشۇرۇلغانلىقى، گۈللەپ راۋاجلانغان، ھاياتىي كۈچى ئۇرغۇپ تۇرغان يېڭى ۋەزىيەتنىڭ يارىتىلغانلىقى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىدىن، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ نەزەرىيىنى ئەستايىدىل ئۆگەنگەنلىكى ۋە ئۇنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزگەنلىكىدىن بولغان. ھازىر، بىز يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت توغرا يولنى بويلاپ چوڭ قەدەم بىلەن ئالغا باسماقتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن، بىز پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ۋە پەرەز قىلىش تەس بولغان تۈرلۈك خېيىم-خەتەر ۋە قىيىنچىلىق ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرىمىز دېسەك، يەنىلا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكىگە تايىنىشقا، پۈتۈن پارتىيىنىڭ بۇ نەزەرىيىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشكە ۋە ئۇنى ئەستايىدىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشكە تايىنىشقا توغرا كېلىدۇ. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىدىيە جەھەتتە ۋە خىزمەتتە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىنى ھەقىقىي تۇردە مەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئىدىيىۋى لۇشيەننى يەنىمۇ توغرىلاپ، سوتسىيالىزمغا بولغان ئىلمىي تونۇشنى داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتكە بولغان يېتەكچىلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك. تارىخنى ئەسلەپ، رېئاللىققا سېلىشتۇرۇپ، كەلگۈسىگە نەزەر سالىدىغان بولساق، شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىمىزكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان ئىلمىي نەزەرىيە. خۇددى پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىدا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگىنىدەك: "ئەمەلىيەت شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولغان دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى— جۇڭگو خەلقىنىڭ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىش-ئىشىكنى ئېچىۋېتىش داۋامىدا سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش نىشانىنى غەلىبىلىك ئىشقا ئاشۇرۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىدىغان توغرا نەزەرىيە. ھازىرقى جۇڭگودا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا نەزەرىيە بىلەن ئەمەس، ماركسىزم بىلەن ھازىرقى جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىرلەشتۈرۈلگەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەنلا ھەل قىلغىلى بولىدۇ." دېمەك، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ھازىرقى جۇڭگونىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا مۇناسىۋەتلىك، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىغا ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش—ئىشلىرىمىزنى ئالغا سىلجىتىشنىڭ كاپالىتى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتكەن: بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر. ئىلمىي نەزەرىيە بايرىقىنىڭ يېتەكچىلىكى

بولغاندىلا، ئاندىن توغرا يۆنىلىشكە ئىگە بولغىلى، ياخشى ئوبرازغا ئىگە بولغىلى، ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى ئەڭ تۈپ كاپالەتكە ئىگە قىلغىلى بولىدۇ. بۇ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر لوگىكىسى. بۇ لوگىكىنى ئىگىلىگەنلىك ئىشلىرىمىزنى ۋۇجۇدقا چىقىرىشنىڭ ئاچقۇچىنى ئىگىلىگەنلىكتۇر. بىزنىڭ ئىشلىرىمىز ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئىجادىي ئىشلاردۇر، ئىنتايىن كەڭ ھەم چوڭقۇر بىر ئىجتىمائىي زور ئۆزگىرىشتۇر، ئۇ ئىنتايىن مۇرەككەپ خەلقئارا مۇھىت ۋە ئىچكى مۇھىت ئىچىدە ئېلىپ بېرىلىۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ئۇلۇغ ھەم مۇشكۇل ئىشلار بىلەن شۇغۇللىنىشتا بايراقنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا بولمايدۇ، توغرا يۆنىلىش بولمىسا بولمايدۇ، ياخشى ئوبراز بولمىسا بولمايدۇ، بىرلىككە كەلگەن ئىدىيە بولمىسا بولمايدۇ، مەركەزلەشتۈرۈلگەن كۈچ بولمىسا بولمايدۇ. قىسقىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى بولمىسا بولمايدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدى ۋە داۋاملىق ئىسپاتلايدۇكى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى پۈتۈن پارتىينى، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنى ئۇيۇشتۇرىدىغان مەنىۋى كۈچ، جۇڭگونى دۇنيادىكى مىللەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا باشلايدىغان قۇدرەتلىك تۇۋرۇك، جۇڭگو خەلقىنى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈشكە يېتەكلەيدىغان ئۇلۇغ بايراق. پەقەت مۇشۇ بايراقنىڭ يېتەكچىلىكىدىلا، تۈرلۈك ئىشلىرىمىز مەڭگۈ غەلىبە قىلالايدۇ.

## مەركەزنى تۇتۇپ، مۇھىم نۇقتىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا بولغان تونۇشنى مۇشۇنداق يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىقىمىزنى ۋە تەخىرسىزلىك تۇيغۇمىزنى يەنىمۇ كۈچەيتىشكە پايدىلىق. مەركىزىي كومىتېتنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»دا ھەر دەرىجىلىك پارتكوملاردىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىينى قوراللاندۇرۇشنىڭ زور ئەھمىيىتىنى تولۇق چۈشىنىپ، مۇشۇ خىزمەتنى پارتىينىڭ پارتىينى باشقۇرۇش پرىنسىپىنى يولغا قويۇش، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشتىكى تۈپ ۋەزىپە قاتارىدا تۇتۇش تەلەپ قىلىندى. بۇ ھال بىزدىن يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆگىنىشنىڭ مەركىزىنى تۇتۇۋېلىپ، ئۆگىنىشنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، ئۆگىنىشنىڭ ئۈنۈمىگە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ يەردە ئېيتىلغان مەركەز، مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى دۇنيانى كۆزىتىش، ئۆزىمىزنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورالى قىلىشتا، ئومۇمىي ۋەزىيەتنى ئىگىلەيدىغان، تۈرلۈك خىزمەتلەرگىچە ئىزچىللاشتۇرىدىغان جان قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا بۇ نەزەرىيىنى ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاش، بۇ نەزەرىيىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. بۇ مەركەزنى چۆرىدەپ، تۆۋەندىكى مۇھىم نۇقتىلارنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك:

بىرىنچى، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان ئىلمىي تونۇشىنىڭ يېڭى سەۋىيىگە يەتكەنلىكىنى چوڭقۇر چۈشىنىش كېرەك. نۆۋەتتە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى مۇھىم بىر مەسىلە ئۆگىنىش داۋامىدا كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنىڭ ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى تونۇشىنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. 15-قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى، يېتەكچى ئەھمىيىتى، ئىلمىي سىستېمىسى ۋە دەۋر روھىنى يېڭىدىن شەرھلەپ، ھەم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇردى، ھەم بۇ نەزەرىيىنى ئىجادىي ھالدا تەتبىقلاپ، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىساد، سىياسەت، مەدەنىيەت تەرەققىياتىدىكى بىر قاتار زور مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان تونۇشىنىڭ يېڭى يۇكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. شۇڭا بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، 15-قۇرۇلتاينىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان يېڭى تونۇشىغا، 15-قۇرۇلتاينىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشىغا، 15-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى يېڭى ۋەزىيەتكە، يولداش جياڭ زېمىننىڭ بىر قاتار مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىغا زىچ بىرلەشتۈرۈپ، كەڭ پارتىيىلىك كادىرلارنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان ئىلمىي تونۇش جەھەتتە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش ئىقتىدارى جەھەتتە، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئاڭلىقلىقى جەھەتتە يېڭى يۇكسىلىش ھاسىل قىلىپ، ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى بويىچە يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئۆگىنىش ۋە خىزمەتنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش كېرەك.

ئىككىنچى، 15-قۇرۇلتاينىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلىگەنلىكى ھەم ئۇنى پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزگەنلىكىنىڭ زور ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم. بۇ مەسىلىدە، يولداش جياڭ زېمىننىڭ 15-قۇرۇلتايدا بەرگەن دوكلاتىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچى ئەھمىيىتى توغرىسىدىكى چوڭقۇر بايانلىرىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇر ئۆگىنىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك ئىكەنلىكىنى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشنىڭ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرنى نىشانلاپ ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشنىڭ تۈپ كاپالىتى ئىكەنلىكىنى ھەقىقىي چۈشىنىش كېرەك. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلەنگەنلىكى ھەم پارتىيە نىزامنامىسىگە كىرگۈزۈلگەنلىكى پارتىيىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇش ئىدىيىسى جەھەتتىكى يەنە بىر نامايەندە ھېسابلىنىدۇ.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى ئىلمىي ھۆكۈمىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم. 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز ۋە يولداش دېڭ شياۋپىڭ دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى توغرا تەھلىل قىلىپ،

مەملىكىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى چىقاردى. بۇ ھۆكۈم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنىڭ شۇنداقلا پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن ۋە سىياسەتلىرىنىڭ ئۇلى ھېسابلىنىدۇ. پەقەت سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مەسىلىسىنى توغرا تونۇغاندىلا، ئاندىن ”سوتسىيالىزم دېگەن نېمە، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش كېرەك“ دېگەن بۇ تۈپ نەزەرىيىۋى مەسىلىنى ئېنىق چۈشەنگىلى، تۇرلۇك شۇبھىلەرنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، بىزنىڭ باشقا خىل لۇشيەن ۋە سىياسەتنى يولغا قويماي، ھازىرقىدەك لۇشيەن ۋە سىياسەتنى يولغا قويۇشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇپ يەتكىلى ۋە چۈشەنگىلى، ”سول“چىللىق ياكى ئوڭچىللىقتىن كېلىدىغان توسقۇنلۇقلارنى پەرق ئېتىشكە ۋە ئۇلارنى ۋاقتىدا سۈپۈرۈپ تاشلاشقا ماھىر بولۇپ، ھەم سوتسىيالىزم يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي چىڭ تۇرغىلى، ھەم ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى قىلچە تەۋرەنمەي ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ. دېمەك، سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى توغرىسىدىكى نەزەرىيىنى چوڭقۇر چۈشىنىش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيە-سىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى ئەتراپلىق ئىگەللەپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ۋە 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇشتىكى ئاڭلىقلىق ۋە قەتئىيلىكنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

تۆتىنچى، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسى بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، بۇ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ كونكرېت قوللىنىلىشى ۋە بېيىتىلىشى، تەرەققىي قىلدۇرۇلۇشى بولۇپ، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرى-سىدا ئايرىۋەتكىلى بولمايدىغان ئىچكى باغلىنىش مەۋجۇت. شۇڭا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىشنى پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي پروگراممىسىنى ئەتراپلىق ئىگەل-لەش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز ئىنتايىن زۆرۈر. ئاساسىي پروگراممىنى ئۆگىنىش ئارقىلىق دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئىگەللەش؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش ئارقىلىق ئاساسىي پروگراممىنىڭ ئىلمىي ئاساسىنى ۋە جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ سىستېمىلىقلىقى، ئەتراپلىقلىقىنى تېخىمۇ چوڭقۇر تونۇپ، قارىغۇلۇق، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

بەشىنچى، پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش بىلەن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر باغلىنىشىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنىڭ تۈپ قىبلىنامىسى بولۇپ، پارتىيىمىزنىڭ دۇنيانى بىلىش ۋە دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى يېڭى، كۈچلۈك ئىدىيىۋى قورال بىلەن تەمىن ئېتىدۇ. پارتىيىنىڭ تارىخى بولۇپمۇ يېقىنقى 20 يىللىق تارىخى بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، پارتىيە قۇرۇلۇشى خىزمىتى سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشى ئىلمىي نەزەرىيىنىڭ يېتەكچىلىكىگە، پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ كاللىسىنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بولۇپمۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇ-

رۇشقا باغلىق. شۇڭا، يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئالدى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى كۈچەيتىشتە، تۈپ ئاساسلىقى پۈتۈن پارتىيىنى قەتئىي تەۋرەنمەي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن قوراللاندۇرۇش لازىم. بۇ پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلارنىڭ تەنتەنىلىك تارىخىي مەسئۇلىيىتى، بىزنىڭ ئىلگىرىلەش يولىمىزدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز، بارلىق توسقۇنلۇقلارنى سۈپۈرۈپ تاشلىشىمىز، بارلىق خېيىم-خەتەرلەرگە بەرداشلىق بېرىشىمىزدىكى ئەڭ ئىشەنچلىك كاپالەتتۇر.

ئالتىنچى، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر چۈشىنىش لازىم. مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»دا، رەھبىرىي كادىرلارنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ تۇرۇپ پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئۆگىنىشىنى ئالغا سۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش كېرەك، دەپ كۆرسىتىلدى. رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئورنى ۋە رولى ئۇلارنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ئۈلگىلىك رولى ۋە باشلامچىلىق رولىنى بەلگىلىدى. يولداش ماۋ زېدۇڭ كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش مەسىلىسى ئۈستىدە توختىلىپ كېلىپ كۆپ قېتىم مۇنداق دېگەنىدى: ”ئۆزى چۈشەنمەي تۇرۇپ باشقىلارغا چۈشەندۈرمەن دېيىش مۇمكىن ئەمەس.“ يولداش جياڭ زېمىن پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە، ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار، بولۇپمۇ مەركىزىي كومىتېتنىڭ نەچچە يۈز ئەزاسى، ئۆلكە-مىنىستىرلىك دەرىجىلىك نەچچە مىڭ كادىر ئالاھىدە مۇھىم مەسئۇلىيەتنى ئۈستىگە ئالغان، ئۇلار ھەممىدىن ئاۋۋال دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى باشلامچىلىق بىلەن ياخشى ئۆگىنىپ، نەزەرىيىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسىنى مۇكەممەل، توغرا ئىگىلەپ، نەزەرىيىدىكى ئاساسىي نۇقتىئىنەزەر ۋە ئاساسىي روھنى ئومۇمىي جەھەتتىن ئۆزلەشتۈرۈشى، ھەم نەزەرىيىنىڭ ئۆزىنىڭ خىزمەت ساھەسىگە ئالاقىدار مەزمۇنىنى سىستېمىلىق تەتقىق قىلىشى ۋە چۈشىنىشى لازىم، دەپ ئېنىق كۆرسىتىپ ئۆتتى. بىز مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»نىڭ تەلىپى بويىچە، پارتكوم (پارتگورۇپپا) مەركىزىي گورۇپپىلىرىنىڭ نەزەرىيە ئۆگىنىش تۈزۈمىنى ساغلاملاشتۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى مەركەزنىڭ چوڭ-چوڭ تەدبىرلىرىنى ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئۆز رايونىمىز، ئۆز تارماقىمىزنىڭ ئىسلاھات ۋە قۇرۇلۇشىدىكى مۇھىم مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش بىلەن، رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشنى كۈچەيتىش بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈشىمىز لازىم.

## مەسىلىنى ئىگەللەپ، ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، نەزەرىيە بىلەن ئەمەلىيەتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا بىر قاتار زور مەسىلىلەرنى توغرا ئىزاھلاپ بېرىش، ئامما ئومۇميۈزلۈك كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان قىزىق نۇقتىلىق مەسىلىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ جاۋاب بېرىش لازىم، پاكىت كەلتۈرۈپ، داۋلى سۆزلەش ئارقىلىق، گۇمانى

ئايدىڭلاشتۇرۇپ، كۆرەش ئىرادىسىگە ئىلھام بېرىش لازىم. ئۈچىنچى، بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش ۋە تەشۋىق قىلىشتا، مەركەزنىڭ «ئۇقتۇرۇشى»نىڭ تەلىپىگە بىنائەن، تۆۋەندىكى بىرقانچە مەسىلىنى ئەتراپلىق ئۆزلەشتۈرۈشكە ۋە ئېگەللەشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك:

بىرىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ ئىچكى بىردەكلىكى توغرىسىدىكى مەسىلە. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى—تۇپ تومۇردىن بىر-بىرىگە باغلانغان بىر پۈتۈن ئىلمىي سىستېما. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنىڭ داۋامى ۋە راۋاجى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇقەررەر ھالدا مەنبەداشلىق مۇناسىۋەت مەۋجۇت. شۇڭا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا، چوقۇم ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى جەھەتتىن پۇختا ئاساس سېلىش كېرەك. يولداش جياڭ زېمىننىڭ پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيىدا بەرگەن دوكلاتىدىكى: ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىدىن ۋاز كېچىشكە ھەرگىز بولمايدۇ، ۋاز كەچكەندە، تۈپ ئاساستىن ئايرىلىپ قالىدىغان گەپ، دېگەن كۆرسەتمىسىنى ئېسىمىزدە مەھكەم ساقلىشىمىز لازىم. بۇ بىزدىن دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى تومۇرداشلىق مۇناسىۋەتنى مەھكەم تۇتۇشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ئىككىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى ۋە روھىي ماھىيىتى توغرىسىدىكى مەسىلە. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى بىر مۇكەممەل ئىلمىي سىستېما، پەقەت بۇ ئىلمىي سىستېمىنى ئەتراپلىق، مۇكەممەل، سىستېمىلىق ئىگەللىگەندىلا، ئاندىن ئۇنىڭدىكى روھىي ماھىيەتنى توغرا ئۆزلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا كۆزلەنگەن ھەقىقىي مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ. بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتىكى ئۇسۇل مەسىلىسى، شۇنداقلا ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتىكى ھالقىلىق مەسىلىدۇر. بۇ مەسىلىنى ئىگەللەشكە دىققەت قىلمىغاندا، ئاندا-ساندا ئۆگىنىپ قويۇش، ئۇ يەر-بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈش، ھەركىم ئۆزىگە ئېھتىياجلىقنىلا ئۆگىنىۋېلىشتەك ئەھۋاللار كېلىپ چىقىپ، ئۆگىنىشنى خاتا يولغا باشلاپ قويۇش مۇمكىن. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىلمىي ئۇسۇلىنىمۇ ئۆگىنىشكە دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. ئۇ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "توغرا، مۇكەممەل ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىش كېرەك دېگىنىم، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى ئەتراپلىق، توغرا چۈشىنىش كېرەك، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسى سىستېمىسىنى ئۆگىنىش، ئىگىلەش، تەتبىق قىلىشتا ۋە شۇ ئارقىلىق خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشتا ماھىر بولۇش كېرەك، دېگەن سۆز. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىنى پارچىلىۋېتىدىغان، بۇرمىلايدىغان ۋە ئۇنىڭغا نۇقسان يەتكۈزىدىغان ئەھۋاللاردىن ساقلانغىلى بولىدۇ." («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 89-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ بۇ بىر ئابزاس سۆزى بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە توغرا ئۆگىنىش ئۇسۇلىنى ئىگەللىشىمىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشكە مۇئامىلە قىلغاندىمۇ يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماۋ زېدوڭ ئىدىيىسىگە

مۇئامىلە قىلىشتىكى ئىلمىي پوزىتسىيىسىنى ئۆگىنىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىلەن 15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلە. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ جېنى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتىن ئىبارەت. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش 15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ نەزەرىيىۋى يېتەكچىسى؛ 15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇش بولسا ئەمەلىيەت داۋامىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئەتراپلىق ئىگەللىگەنلىكتۇر. 15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ تارىخىي ئورنى ۋە يېتەكچى ئەھمىيىتىنى چوڭقۇر چۈشىنىشىمىز، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ ئىلمىي سىستېمىسى، دەۋر روھى ۋە ئىنقىلابىي خىسلىتىنى چوڭقۇر ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ھەم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ مەملىكىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىدىكى بىر قاتار چوڭ مەسىلىلەرنى كۆزىتىشىمىز، ئويلىنىشىمىز ۋە ھەل قىلىشىمىزغا ياردەم بېرىدۇ. شۇڭا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش بىلەن 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئۆگىنىش بىردەكلىككە ئىگە بولۇپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىش بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ روھىي ماھىيىتىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىنىشىمىز، ئۆزلەشتۈرۈشىمىز ۋە ئىگەللىشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

تۆتىنچى، ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت جەۋھەر توغرىسىدىكى مەسىلە. ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش—دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ جەۋھىرى؛ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە سىڭدۈرۈلگەن بىر تال ئاساسىي لىنىيە، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ماركسىزملىق دۇنياقاراش، مېتودولوگىيىدە چىڭ تۇرغانلىقىنىڭ ئىپادىسى. بىز دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگەنگەن ۋە تەشۋىق قىلغاندا، ئۇنىڭدىكى ئىدىيىۋى، نەزەرىيىۋى نۇقتىئىنەزەرلەرنى ئۆگىنىپ ۋە تەشۋىق قىلىپلا قالماي، بەلكى ئۇنىڭغا سىڭدۈرۈلگەن ماركسىزملىق دۇنياقاراش ۋە مېتودولوگىيىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەشۋىق قىلىشىمىز، يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ ئىدىيىدە ئازاد بولۇشتىكى جاسارىتىنى، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش روھىنى ئۆگىنىشىمىز ۋە تەشۋىق قىلىشىمىز لازىم.

بەشىنچى، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلى توغرىسىدىكى مەسىلە. نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاش-باغلىيالماسلىق ماركسىزمغا مۇئامىلە قىلىشتىكى پوزىتسىيە مەسىلىسى، پارتىيىنىڭ گۈللىنىشى ياكى خاراب بولۇشى ۋە ئىشلىرىمىزنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشى ياكى مەغلۇپ بولۇشىغا مۇناسىۋەتلىك زور سىياسىي مەسىلىدۇر. شۇڭا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە، ماركسىزملىق توغرا ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇشىمىز، يەنى: نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلاپ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىپ، نەزەرىيىنى تەتبىقلاشنى، ئەمەلىي مەسىلىلەر ئۈستىدە نەزەرىيە جەھەتتىن پىكىر يۈرگۈزۈشنى، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇشىمىز لازىم. ئۆگىنىش داۋامىدا يەنە ئۆز پېتى كۆچۈرۈپ كېلىش، ئۇ يەر-بۇ يەردىن نەقىل كەلتۈرۈش، ئۆز ئېھتىياجىنىلا كۆزدە تۇتۇش،

شەكىللۋازلىق قىلىشتەك ناچار ئۆگىنىش ئۇسلۇبلىرىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلىنىشقا دىققەت قىلىشىمىز كېرەك.

ئالتىنچى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش، تەتبىقلاش بىلەن بۇ نەزەرىيىنى بېيىتىش، راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتى توغرىسىدىكى مەسىلە. يولداش جياڭ زېمىن «دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى چوڭقۇر ئۆگىنەيلى—يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپاتىنىڭ بىر يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن» دېگەن ماقالىسىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”نەزەرىيە دېگەن نېمە؟ نەزەرىيە ئەمەلىيەت ئۈستىدىن چىقىرىلغان يەكۇندۇر. بارلىق ئىلمىي نەزەرىيە ھەمىشە ئەمەلىيەتتىن كەلگەن بولىدۇ ۋە يەنە ئەمەلىيەتكە قايتىپ، ئەمەلىيەتنىڭ تەكشۈرۈشىدىن ئۆتىدۇ، ئەمەلىيەتكە يېتەكچىلىك قىلىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئەمەلىيەت داۋامىدا ئۆزىنى بېيىتىدۇ ۋە راۋاجلاندۇرىدۇ. ماركسىزم-لېنىنىزم مۇشۇنداق، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى مۇشۇنداق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىمۇ مۇشۇنداق.“ شۇڭا، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشتە ھەم ئۇنىڭ ئاساسىي نۇقتىئىنەزەرلىرىدە چىڭ تۇرۇشىمىز، ھەم ئۇنى ئەمەلىيەت ئارقىلىق ئۇزلۇكسىز بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. بۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى دوگمىلاشتۇرۇپ قويۇشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ ياشلىق باھارى ۋە ھاياتىي كۈچىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىشنىڭ ھالقىسى.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

# كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرايلى

## باش ماقالە

بۇ يىل ياز كىرگەندىن بۇيان، دۆلىتىمىزدە تارىختا ئاز ئۇچرايدىغان كەڭ دائىرىلىك پەۋقۇلئاددە چوڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەردى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكى ئاستىدا، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىر نىيەت-بىر مەقسەتتە بولۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى. بۇ ئۇلۇغ غەلىبە پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات ۋە مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن، بۇ يىللىق ئىقتىسادىي تەرەققىيات نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش قىزغىنلىقىنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۈچۈن زور ئەھمىيەتكە ئىگە. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بۇ كۈرەش مول ھەم مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلەرنى ياراتتى ھەم توپلىدى، بىر تۈرلۈك ئۇلۇغ دەۋر روھىنى — كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى ھاسىل قىلدى. يولداش جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ”بۇ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ مىللىي روھىنىڭ جانلىق ئىپادىلىنىشى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىشتىكى ئەڭ ياخشى دەرسلىك، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىپ پارتىيە ئەزالىرىنى، كادىرلارنى، خەلقنى، ياش-ئۆسمۈرلەرنى تەربىيىلەش كېرەك.“

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھى پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەربىيلەر ۋە خەلقنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ئېلىپ بېرىلغان 20 يىلدىن بۇيانقى يېڭىچە روھىي قىياپىتىنى جانلىق نامايان قىلدى، جۇڭگو خەلقىنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىنتىلىدىغان، ئىرادىسىدىن قايتمايدىغان قەتئىي ئىشەنچىسىنى كۈچلۈك ھالدا ئىپادىلىدى، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ تەڭداشسىز بولغان كۈچلۈك ئۇيۇشۇش كۈچىنى كونكرېت ھالدا گەۋدىلەندۈردى، سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنى تولۇق كۆرسەتتى، جۇڭگو خەلقىنىڭ ھەرقانداق خەتەرلىك شارائىتتىن، جاپا-مۇشەققەت ۋە خېيىم-خەتەردىن قورقمايدىغانلىقىنى، دۇنيا مىللەتلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىشقا ئىرادىسى ۋە ئىقتىدارى بارلىقىنى، 21-ئەسىرگە مەردانە قەدەم تاشلايدىغان كەڭ كۆڭلى-كۆكسى ۋە ئۇلۇغۋار شىجائىتىنى كۆرسەتتى. بۇ ئىنتايىن قىممەتلىك روھنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش، زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرۇش دەۋرنىڭ ئېھتىياجى، ۋەتەن ۋە خەلقنىڭ

ئېھتىياجى، ئۇ مۇقەررەر ھالدا بىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى داۋاملىق قولغا كەلتۈرۈشىمىزگە ئىلھام بېرىدۇ.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئالدى بىلەن يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈش كېرەك. بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى باشتىن-ئاخىر يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە بىۋاستە رەھبەرلىكى ئاستىدا ئېلىپ بېرىلدى. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن، مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش ئىشىنى بىرىنچى دەرىجىلىك مۇھىم ئىش قاتارىدا تۇتۇپ، كۆپ قېتىم مەخسۇس يىغىن چاقىرىپ، دوكلات ئاڭلاپ، ھۆججەت تارقىتىپ، ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، كەسكىن تەدبىر قوللىنىپ، ھەرقايسى جايلار، تارماقلار ۋە تەرەپلەرنىڭ كۈچلىرىنى جىددىي ھالدا تېزلىك بىلەن ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، تەشكىللەپ، ماسلاشتۇرۇپ، ھەل قىلغۇچ جەڭگە ئاتلاندۇردى، بۇنىڭ بىلەن ھەممە بىر نىيەتتە بولۇپ، يەكدىللىق بىلەن كەلكۈن ئاپىتىگە تاقابىل تۇرىدىغان ھەيۋەتلىك مەنزىرە ھاسىل قىلىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە ھەل قىلغۇچ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى. باش شۇجى جياڭ زېمىن كۈرەشنىڭ ئەڭ جىددىي، ئەڭ ھالقىلىق پەيتلىرىدە خۇبېيدىكى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئۆزى بېرىپ، كېچە-كۈندۈز جەڭ قىلىۋاتقان كەڭ ھەربىيلەر ۋە كەڭ خەلقنى يوقلىدى ۋە ئۇلاردىن ھال سورىدى، پۈتۈن پارتىيە، پۈتۈن ئارمىيە، پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىگە كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشنىڭ ھەل قىلغۇچ جېڭىنىڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش توغرىسىدا ئومۇمىي سەپەرۋەرلىك بۇيرۇقىنى چىقاردى. مەركەزدىكى باشقا رەھبىرىي يولداشلارمۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ كۆزدىن كەچۈرۈپ، قوماندانلىق قىلىپ، ئەتراپلىق ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭدىن كەلكۈنگە قارشى تۇرۇۋاتقان ھەربىيلەر ۋە خەلق غايەت زور ئىلھام ئالدى. پاكىت قايىل قىلارلىق ھالدا شۇنى ئىسپاتلىدىكى، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى بىلەن ئىدىيە جەھەتتە، سىياسىي جەھەتتە بىردەكلىكنى ساقلاش، بارلىق ھەرىكەتتە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قوماندانلىقىغا بويسۇنۇش— بۇ، ئىشلىرىمىزدا ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزدە مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشنىڭ تۈپ كاپالىتىدۇر.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى جارى.قىلدۇرۇشتا، ئىنتىزامغا قاتتىق ئەمەل قىلىش، بىردەك ئىتتىپاقلىشىش، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىش، خالىس تۆھپە قوشۇشتەك كوللېكتىپچىلىق روھ ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھقا ئىگە بولۇش لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تاپشۇرغان شەرەپلىك .ھەم مۇشەققەتلىك كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ۋەزىپىسىنى كارامەت ياخشى ئورۇنداش ئۈچۈن، كەڭ ھەربىيلەر ۋە خەلق ئىتتىپاقلىشىپ جەڭ قىلىدىغان، قەيسەرلىك بىلەن كۈرەش قىلىدىغان كوللېكتىپ بولۇپ ئۇيۇشتى، شۇ سەۋەبتىن ئۇلار بۇيرۇقنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، تۇغانىنى جان تىكىپ ساقلاپ، ھەر جەڭدە غەلىبە قىلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى. يۈكسەك ئاڭلىقلىق، شەخس تەشكىلگە

شەرتسىز بويسۇنۇش، تەڭ كۈچ چىقىرىش ۋە قاتتىق ئىنتىزام ئاساسىغا ئورنىتىلغان بۇ خىل كوللېكتىپچىلىق روھ كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ مۇھىم بىر شەرتىدۇر. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شۇنىمۇ كۆردۇقكى، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھ بۇ قېتىمقى كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش كۈرىشىدە نۇر چېچىپ چاقنىدى. قەھرىمانلار ھەممىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ، ئەڭ خەتەرلىك جايلاردا ئىشلىدى، ھەق تەلەپ قىلماي، تۆھپە قوشۇشنىلا بىلدى، جاپادىنمۇ، ئۆلۈمدىنمۇ قورقماي، تەمكىنلىك، سالماقلىق بىلەن ئۆز ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىپ، مەۋج ئۇرۇپ تۇرغان كەلكۈن بىلەن بولغان ھەل قىلغۇچ كۈرەشتە ھەممىدە غالىب كېلىدىغان ئېگىلمەس-سۇنماس جەسۇرلۇقنى ئىپادىلىدى. ئۇلارنىڭ باتۇرانە ھەرىكىتى يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرۈپ، جىن-ئالۋاستىنىمۇ تەسىرلەندۈرۈپ، كومپارتىيە ئەزالىرىنىڭ، كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ئەزالىرىنىڭ ئاۋانگارتلىق-نەمۇنىلىك رولىنى، پارتىيە تەشكىلىنىڭ سىياسىي يادرولۇق ۋە جەڭگىۋار قورغانلىق رولىنى، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسمىنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرىنىڭ زەربىدارلىق رولىنى تولۇق نامايان قىلدى. پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار بولۇپمۇ ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار چوقۇم ئۆزى ئۆلگە كۆرسىتىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش داۋامىدا جۇش ئۇرۇپ كۆتۈرۈلگەن كوللېكتىپچىلىق روھ ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھنى جارى قىلدۇرۇشى لازىم. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سەممىي غەمخورلۇقى ۋە پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ زور كۈچ بىلەن ياردەم قىلىشى ئارقىسىدا، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلق كوللېكتىپچىلىق روھ ۋە ئىنقىلابىي قەھرىمانلىق روھنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇپ، ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا ھەمكارلىشىپ، ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرۇش يولى بىلەن ئۆزىنى قۇتقۇزىدىغانلا بولسا، ئىشلەپچىقىرىشنى چوقۇم تېزدىن ئەسلىگە كەلتۈرۈپ، ئۆز ئۆي-جايىنى قايتىدىن قۇرۇپ، تېخىمۇ گۈزەل مەنزىرە يارىتالايدۇ.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھنى جارى قىلدۇرۇشتا، بىر تەرەپ قىيىنچىلىققا ئۇچرىسا ھەممە تەرەپ ياردەم قولىنى سۇنىدىغان، ئومۇملۇقنى كۆزلەپ، ۋەتەننى كۆڭلىگە پۈكىدىغان سوتسىيالىستىك روھ ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھقا ئىگە بولۇش لازىم. بىرنەچچە ئايدىن بېرى قاينام-تاشقىنلىق، ھەيۋەتلىك كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشى پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ قەلبىنى جۇملىدىن شياڭگاڭ ئالاھىدە مەمۇرىي رايونى، ئاۋمېن، تەيۋەن رايونلىرىدىكى قېرىنداشلارنىڭ شۇنىڭدەك چەت ئەللەردىكى مۇھاجىر قېرىنداشلارنىڭ قەلبىنى ئۆزىگە تارتتى. كىشىلەر بەس-بەس بىلەن پۇل ۋە نەرسىلەرنى ئىئانە قىلىپ، مېھىر-شەپقەت قىلدى؛ ھەرقايسى جايلار، جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەر بولۇپمۇ تۆمۈريول-قاتناش، داۋالاش-ساقلىقنى ساقلاش، ھاۋارايىنى كۆزىتىش، گىدروگرافىيىلىك ئۆلچەش، سۇ ئىشلىرى، ئاخبارات، ئەدەبىيات-سەنئەت قاتارلىق ھەرقايسى سەپلەر پۈتۈن كۈچى بىلەن كەلكۈنگە قارشى تۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ياردەم قىلىپ، ئالدىنقى سەپتىكى ھەربىيلەر ۋە خەلقنىڭ ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىشتىكى ئىشەنچ ۋە كۈچىنى كۈچلۈك ھالدا ئۇرغۇتتى. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلق پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ رەھبەرلىكىدە، ئۆز ئۆيىدىن كېچىپ ئومۇملۇقنى كۆزدە تۇتتى. بۈيۈك

ئىتتىپاقلىق ۋە بۈيۈك ھەمكارلىق ئاساسىدىكى بۇ خىل سوتسىيالىستىك روھ سوتسىيالىستىك تۈزۈمنىڭ ئەۋزەللىكىنىڭ ئىپادىلىنىشى، چوڭقۇر ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتنىڭ يۈكسىلىشى ۋە ئۇرغۇپ چىقىشى، بىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئالغا سىلجىتىشىمىزنىڭ مۇھىم كاپالىتى.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەتنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىپ، ئارمىيىنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش، ھۆكۈمەتنى ھىمايە قىلىش-خەلقنى سۆيۈش پائالىيىتىنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش لازىم. ئالاھىدە چوڭ كەلكۈن ئاپىتى بىلەن كۈرەش قىلغان كېچە-كۈندۈزلەردە، خەلق ئازادلىق ئارمىيىسى ۋە قوراللىق ساقچى قىسىمنىڭ ئوفىتسېر-ئەسكەرلىرى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەن ۋە مەركىزىي ھەربىي ئىشلار كومىتېتىنىڭ يوليورۇقىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، خەلق ئاممىسى بىلەن بوران-چاپقۇندا بىللە بولۇپ، ئۆرنى-مۈرىگە تىرەپ كۈرەش قىلدى. ئۇلار جان پىدالىق بىلەن ئۆلۈم خەۋپىدىن باش تارتماي، ھەمىشە ئەڭ خەتەرلىك جايلارغا ئۆزىنى ئېتىپ، كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇشتا ئۆز تېنى بىلەن پولات سېپىل ھاسىل قىلدى، تەر، ئىسسىق قان ۋە ھاياتى بىلەن دۆلەت مال-مۈلكىنىڭ ۋە خەلق ھاياتىنىڭ ئامانلىقىنى قوغدىدى، خەلق ئاممىسى ئۇلارنى "مۇستەھكەم تۇۋرۈك" ۋە "يېڭى دەۋردىكى ئەڭ سۆيۈملۈك كىشىلەر" دەپ تەرىپلىدى. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ ئاپەتتىن قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىنىڭ غەلىبىسى شۇنى كۈچلۈك ھالدا ئىسپاتلىدىكى، ئارمىيە بىلەن خەلق، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت ئىتتىپاق بولسا، بىزنىڭ ئىشلىرىمىز غەلىبە قىلماي قالمايدۇ، دۇنيادا بىزگە ھېچقانداق كۈچ تەڭ كېلەلمەيدۇ.

كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى جارى قىلدۇرۇشتا، بىلىمگە ھۆرمەت قىلىش، ئىختىساسلىق خادىملارغا ھۆرمەت قىلىش، ئەمەلىيەتچىل، پىششىق يارىتىدىغان ئىلمىي روھقا ئىگە بولۇش كېرەك. كەلكۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە بۈيۈك غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى مۇھىم بىر سەۋەب شۇكى، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان كۈچلۈك ماددىي-تېخنىكىۋى ئاساس ياراتتۇق، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان ئۇزاق مۇددەت تىرىشىش ئارقىلىق سۇ ئىشلىرى سىستېمىسىنى قۇرۇپ چىقتۇق، ئۇنىڭ ئىچىدە پەن-تېخنىكىنىڭ قىممەت مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى تۆھپىسىگە كۆز يۇمغىلى بولمايدۇ. ئورغۇنلىغان پەن تەتقىقات ئورۇنلىرى ۋە سۇ ئىشلىرى مۇتەخەسسىسلىرى مەركەزگە ۋە ئالاقىدار تارماقلارغا ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلارنى كۆزىتىشتىن توغرا مەلۇمات بېرىپ، مەركەزنىڭ ئۆز ۋاقتىدا تەدبىر كۆرۈشىنى ماكرو جەھەتتىن ئىلمىي ئاساس بىلەن تەمىن ئەتتى. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، ئالاھىدە زور كەلكۈن ئاپىتى ئۈستىدىن غەلىبە قىلىش ئۈچۈن، جىسمانىي كۈچ بىلەن جاسارەتكە تايىنىپ ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، چوقۇم ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇنى ئىگىلەش، پەن-تېخنىكىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇش كېرەك. شۇنى تەكىتلەپ كۆرسىتىش كېرەككى، ئىنسانلار تارىخىدا چوڭ كەلكۈن ئاپىتى يۈز بەرگەندىن كېيىن كۆپىنچە يۇقۇملۇق كېسەل كەڭ دائىرىدە تارقىلاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يۇقۇملۇق كېسەل كۆپ ھاللاردا ئاپەت كەلتۈرۈپ چىقارغان زىياندىنمۇ چوڭ

زىيانلارنى كەلتۈرەتتى. بۇنىڭغا قارىتا ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ساقلىقنى ساقلاش قاتارلىق سەپلەردىكى يولداشلار چوقۇم ئىلمىي ئاساستا ئالدىن پەرەز قىلىپ قويۇشى ۋە تولۇق تەييارلىق قىلىپ قويۇشى، ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى كېسەل بولۇشنىڭ ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىشىنى كەلگۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش كۈرىشىدە تولۇق غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈشتىكى زور جەڭ قاتارىدا ئېلىپ بېرىپ، ئىلمىي ئۇسۇل قوللىنىپ، ھەقىقىي چىڭ ۋە ئەمەلىي تۇتۇپ ئىشلىشى لازىم. ئاپەتكە ئۇچرىغان رايونلاردىكى خەلقمۇ ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، مۇھىت تازىلىقنى ياخشى يولغا قويۇپ، كېسەل بولۇپ قېلىشنىڭ ۋە يۇقۇملۇق كېسەل تارقىلىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئىقتىدارىنى كۈچەيتىشى لازىم. يۇقۇملۇق كېسەلنىڭ تارقىلىپ كېڭىيىپ كېتىشىگە ھەرگىز يول قويماسلىق، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەن ئوتتۇرىغا قويغان زور ئاپەتتىن كېيىن يۇقۇملۇق كېسەل كەڭ دائىرىدە تارقىلىپ كېتىشتىن ساقلىنىش كېرەك دېگەن نىشاننىڭ ئىشقا ئېشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. بۇنىڭدىن كېيىن بىز يولداش جياڭ زېمىننىڭ "كەلگۈن، ھۆلچىلىك ئاپىتىدىن ساقلىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈش" توغرىسىدىكى يوليورۇقىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشىمىز، ئاپەت كەلتۈرگەن زىياننى ئۇنتۇماي، تەجرىبە-ساۋاقلارنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، چوڭ دەريالارنى پىلانلىق تىزگىنلەپ، پەن-تېخنىكىغا تولۇق تايىنىپ، تاشقىننىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارىمىزنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك.

جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنىڭ ئۇزۇن مۇساپىسىدە يەنە نۇرغۇنلىغان يېڭى ئاپەت، يېڭى قىيىنچىلىق ۋە يېڭى سىناقلار بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. ئەمما قەتئىي ئىشىنىمىزكى، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ توغرا رەھبەرلىكىدە، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، كەلگۈنگە قارشى تۇرۇپ خەۋپتىن جىددىي قۇتۇلدۇرۇش روھىنى زور كۈچ بىلەن جارى قىلدۇرساقلا، تۈرلۈك قىيىنچىلىقلارنى چوقۇم يېڭىپ، غەلىبىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز!

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش كېرەك

**ژۇرنىلىمىز ئوبزورچىسى**

دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچىنچى ئەۋلاد مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپىنىڭ يېڭى ۋەزىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، ئەمەلىيەتنى نەزەردە تۇتۇپ، دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى قوراللاندۇرۇش خىزمىتى توغرىسىدا ئىلىپ بارغان مۇھىم ئورۇنلاشتۇرۇشى، شۇنداقلا كۆتۈرۈلۈۋاتقان دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى چوڭقۇر راۋاجلاندۇرۇشنىڭ مۇھىم كاپالىتىدۇر. بىز جۇڭگو سوتسىيالىستىك ئىشلىرىنىڭ كەلگۈسى تەرەققىياتى نۇقتىسىدىن، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرىدىن ئىبارەت سىياسىي يۈكسەكلىك ۋە دەۋر تەلىپى نۇقتىسىدىن بۇ ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى تونۇشىمىز كېرەك.

پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى ئۈزلۈكسىز تۈردە ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىشتەك ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن، 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى بولۇپمۇ 14-قۇرۇلتايدىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى چوڭقۇر خۇلاسىلەپ، پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئەقىل-پاراستىنى مەركەزلەشتۈرۈپ، دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاپ بىر قاتار چوڭ-چوڭ نەزەرىيىۋى ۋە ئەمەلىي مەسىلىلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك تەرەققىيات ھاسىل قىلىپ، دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتتى، مۇكەممەللەشتۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى. بۇ پارتىيىمىزنىڭ دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىپ ۋە تەتبىقلاپ ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش جەھەتتە يېڭى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىنى ئىپادىلىدى، پارتىيىمىزنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشقا بولغان تونۇشى يېڭى يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىپادىلىدى. بۇنىڭ بىلەن پۈتۈن پارتىيىدە دىنىڭ شىاۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، نەزەرىيە ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى قوزغاش ئۈچۈن شانلىق ئۈلگە تىكلەندى.

پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دوكلاتى يېڭى ئەسىرگە يۈزلەنگەن سىياسىي خىتابنامە ۋە ھەرىكەت پروگراممىسىدىن ئىبارەت. ئۇ ماركسىزملىق دۇنيا قاراش ۋە مېتودولوگىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدىكى يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە ۋە يېڭى زىددىيەتلەرنى كۆزدە تۇتۇپ، نۇرغۇن يېڭى ئىدىيىلەرنى، يېڭى كۆزقاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، نۇرغۇن جەھەتلەردە يېڭى، زور نەزەرىيىۋى بۆسۈشلەر-

نى ھاسىل قىلدى. ئالايلۇق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىگە بولغان تونۇش جەھەتتە، 15-قۇرۇلتاي دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى پارتىيىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى قىلىپ تىكلىدى ھەمدە بۇنى پارتىيە نىزامنامىسىگە يېزىپ كىرگۈزدى. بۇ 15-قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ ئاساسلىق نەتىجىسى ۋە ئەڭ زور تۆھپىسى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ ئاز كەم 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئەمەلىيىتى ئارقىلىق چىقارغان تارىخىي خاراكتېرلىك تەدبىرىدۇر. يەنە ئالايلۇق، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى جەھەتتە، 15-قۇرۇلتاي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى تۈپ ئىقتىسادىي تۈزۈمى قىلىپ بەلگىلىدى؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ مەنىسىنى ئەتراپلىق چۈشىنىش لازىملىقىنى، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكى دۆلەت ئىگىلىكى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىلا ئۆز ئىچىگە ئېلىپ قالماستىن، ئارىلاش مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ دۆلەت ئىگىدارلىقى تەركىبى بىلەن كوللېكتىپ ئىگىدارلىقى تەركىبىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى؛ ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ كۆپ خىل رېئاللىشىش شەكلى ئۈستىدە تىرىشىپ ئىزدىنىش لازىملىقىنى ئوتتۇرىغا قويدى؛ ۋەھاكازالار. ئىقتىسادىي نەزەرىيە جەھەتتىكى بۇ زور بۆسۈشلار دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىغا ۋە ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ئاكتىپ، چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى ۋە داۋاملىق كۆرسىتىدۇ. قىسقىسى، پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتىيى يېڭى تارىخىي شارائىتتا ۋارىسلىق قىلىش بىلەن يارىتىشنى، چىڭ تۇرۇش بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇشنى دىئالېكتىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، ھەم ئالدىنقىلارنىڭ نەزەرىيىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، سوتسىيالىزمنىڭ يېڭى يولىنى ئاچىدىغان غايەت زور سىياسىي جاسارەت، نەزەرىيىۋى جاسارەت ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جاسارىتىنى ئىپادىلىدى، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى بېيىتىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن تارىخىي خاراكتېرلىك تۆھپە قوشتى.

بىزنىڭ بۈگۈنكى كۈندە دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز ھەمدە بۇ ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشىمىزدىكى مەقسەت نەزەرىيە ئۆگىنىشنى كۈچەيتىش ئارقىلىق دۇنيانى بىلىش، دۇنيانى ئۆزگەرتىش ئىقتىدارىمىزنى داۋاملىق ئۆستۈرۈپ، 15-قۇرۇلتاي روھىنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش-كۆتۈرەلمەسلىك پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئىدىيە ۋە تونۇشىنى 15-قۇرۇلتاينىڭ روھى بويىچە بىرلىككە كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىك مەسىلىسىگە مۇناسىۋەتلىك، شۇنداقلا پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچىنى 15-قۇرۇلتايدا بەلگىلەنگەن تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا مۇجەسسەملەش-مۇجەسسەملىشەلمەسلىك مەسىلىسىگىمۇ مۇناسىۋەتلىك. بۇ نۇقتىنى توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا ئىگىلەش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ داۋاملىق چوڭقۇرلاشتۇرۇشنىڭ ئىدىيىۋى جەھەتتىكى مۇھىم ئالدىنقى شەرتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن،

15-قۇرۇلتاي روھىنى چوڭقۇر چۈشىنىش ۋە 15-قۇرۇلتايدا چىقىرىلغان بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى توغرا ئىجرا قىلىش كېرەك. 15-قۇرۇلتايىنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك ئىقتىساد، سىياسەت ۋە مەدەنىيەتنى بەرپا قىلىش توغرىسىدىكى بىر قاتار زور تەدبىرلىرى دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچىلىكى ئاستىدا بارلىققا كەلگەن، ئەينى ۋاقىتتا ئۇ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يەنىمۇ راۋاجلاندۇرۇلۇشى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. بۇ زور تەدبىرلەرنى ئەستايىدىل ئۆگىنىش، ئىزچىل ئىجرا قىلىش 15-قۇرۇلتاي روھىنى ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرگەنلىك ۋە ئىگىلىگەنلىك بولۇپ قالماستىن، ئەينى ۋاقىتتا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىمۇ ئەتراپلىق، توغرا ئۆزلەشتۈرگەنلىك ۋە ئىگىلىگەنلىك بولىدۇ. نۆۋەتتە ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىكى شۇكى، 15-قۇرۇلتاي روھىنى ۋە بىر قاتار زور تەدبىرلەرنى ئۆگىنىش، ئىزچىل ئىجرا قىلىش داۋامىدا، قارىغۇلۇق، بىر تەرەپلىمىلىك ۋە مۇتلەقلەشتۈرۈۋېتىشتەك خاھىشلار ئوخشاش بولمىغان دائىرىدە، ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلانماقتا. بۇ خاھىشلارنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشى بىزنىڭ دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشنى تەكىتلىشىمىزدە ۋاقىت ئىنتايىن قىس، ۋەزىپە ئىنتايىن مۇشكۈل ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈش ئۈچۈن، نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىنى جارى قىلدۇرۇپ، خىزمەتنى ئىجادىي ھالدا قانات يايدۇرۇش كېرەك. بىز نەزەرىيە ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇشتا دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر ئىشلەۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىپ، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاشنى، ئەمەلىي مەسىلە ئۈستىدە ئويلىنىشنى، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى كۆزدە تۇتۇشىمىز كېرەك. نەزەرىيە ئۆگىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش-چوڭقۇرلاشتۇرالماسلىق، ئەمەلىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش-كەلتۈرەلمەسلىكنىڭ ئاچقۇچى نەزەرىيىنى ئەمەلىيەتكە باغلايدىغان، ئۆگەنگەننى ئەمەلىيەتكە تەتبىقلايدىغان ماركسىزملىق ئۆگىنىش ئىستىلىدا چىڭ تۇرۇش-چىڭ تۇرالماسلىق ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش-قىلدۇرالماسلىقتا. نۆۋەتتە دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرى ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ھالقىلىق پەيتتە تۇرماقتا، شەيئىلەرنىڭ ھەرىكەت قىلىش جەريانىدىكى تۈرلۈك قاتلامدىكى زىددىيەتلەر ئارقا-ئارقىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بىزنىڭ ئالدىمىزدا بىر-بىرلەپ ئاشكارىلىنىپ، خىزمەتلەرنى يەنىمۇ قانات يايدۇرۇش، تېخىمۇ زور غەلىبىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا چوقۇم ئەستايىدىل تەتقىق قىلىش ۋە ھەل قىلىشقا توغرا كېلىدىغان قىيىن مەسىلىلەر بولۇپ قالىدۇ. مەسىلەن، دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتى ئون نەچچە يىل ئېلىپ بېرىلىپ، ھازىر ئاتاكا قىلىشتەك مۇشكۈل جەڭگە يۈزلەنمەكتە؛ پۇل مۇئامىلە تۈزۈلمىسى ئىسلاھاتى، ئىجتىمائىي كاپالەت تۈزۈمى قۇرۇلۇشى قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن يېڭى مەسىلىلەر بار؛ سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ، ئاپپاراتلار ئىسلاھاتىنى قانداق قىلىپ "ئىخچاملاش — چوڭكىيىش"تەك غەلىتە چەمبىرەكتىن ئۈزۈل-كېسىل قۇتۇلدۇرۇش ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش جىددىي زۆرۈر بولۇۋاتىدۇ؛ چىرىكلىك مەسىلىسى تېخى تۈپ ئاساسىدىن توسۇلۇپ بولغىنى يوق، ۋەھاكازالار. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا ساقلىنىۋاتقان قىيىن

مەسىلىلەر بىز ئۈچۈن بىر خىل بېسىم، تېخىمۇ مۇھىمى، ئۇ بىز ئۈچۈن بىر خىل ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ ھېسابلىنىدۇ، ئەنئەنىنى جارى قىلدۇرۇپ، يول ئېچىپ ئالغا ئىلگىرىلىسەك، بېسىم ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچكە ئايلىنالايدۇ؛ كونا قائىدىگە ئېسىلىۋېلىپ، ئالغا ئىلگىرىلىمەي بىر ئىزدا توختاپ تۇرۇۋالساق، ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچمۇ بېسىمغا ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىن. ئالغا ئىلگىرىلەش داۋامىدا يولۇققان قىيىن مەسىلىلەرنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەش ئارقىلىقلا ئاخىرقى ھېسابتا ھەل قىلىپ كەتكىلى بولىدۇ، ئالدىنقىلار قىلىپ باقمىغان ئۇلۇغ ئىشنى ئىجادىي قابىلىيەتكە ئىگە، ئىلمىي ئۇسۇلنى ئىگىلىگەن دەۋر قەھرىمانلىرىلا ۋۇجۇدقا چىقىرالايدۇ. ھازىر بايراق قولىمىزدا، يول ئېچىلغان، چوڭ سىياسەت-فاڭجېنلار بېكىتىلىپ بولغان، بىزگە قېپقالغان ئىش دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم يولىنى بويلاپ مېڭىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تۈرلۈك زور تەدبىرلىرىنى خەلقئارادىكى ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى ئەمەلىيەتكە، ئۆز رايونىنىڭ، ئۆز تارمىقىنىڭ، ئۆز ئورنىنىڭ ئەمەلىيىتىگە، سۇبيېكتىپ دۇنيانى ئۆزگەرتىشكە بىرلەشتۈرۈپ، بىر-بىرلەپ ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ھەقىقىي ئۈنۈم ھاسىل قىلىشتىن ئىبارەت. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خەۋپ-خەتەر ئۈستىدىن غەلىبە قىلىپ، ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇلۇغ ئىشلىرىمىزنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتالايمىز.

دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈشتە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتىن ئىبارەت ئىدىيىۋى لۇشيەندە باشتىن-ئاخىر چىڭ تۇرۇپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان ئۇلۇغ ئەمەلىيەت جەريانىدا يەنىمۇ بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش كېرەك. پۈتۈن 15-قۇرۇلتاي دوكلاتىغا سىڭگەن قىزىل يىپ "ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش"تىن ئىبارەت. دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى شۇنىڭ ئۈچۈن ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى بولدىكى، ئەڭ مۇھىمى، "دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشنى قەتئىي داۋاملاشتۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا، ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ ھەم كونا قائىدىلەرنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئاچتى". "يېڭى مەنزىلنى ئېچىش" دېگەنلىك يېڭى ئېھتىياجغا ماسلىشىپ، يېڭى ئەھۋاللارنى تەتقىق قىلىپ، يېڭى نەزەرىيىنى شەكىللەندۈرۈش دېگەنلىكتۇر. ماركسىزمنىڭ ھاياتىي كۈچى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇزاق مۇددەت ساقلىنىپ قالدىكى، ئۇ ھەمىشە دەۋرنىڭ، ئەمەلىيەتنىڭ ۋە ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ داۋاملىق ئالغا قاراپ راۋاجلىنىپ تۇردى، يەنە كېلىپ ئۇ ھەمىشە كوممۇنىزم ھەرىكىتىنىڭ مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش ۋە خاتالىق ئۆتكۈزۈش جەھەتتىكى تەجرىبىلىرىنى يەكۈنلەش داۋامىدا ئۈزلۈكسىز راۋاجلىنىپ تۇردى. يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان يېڭى ئەسىردە پەرەز قىلغىلى بولىدىغان ۋە پەرەز قىلىش قىيىن بولغان يېڭى ئەھۋال، يېڭى مەسىلە، يېڭى زىددىيەت ئالدىدا، بىز چوقۇم دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنىڭ يېتەكچى ئورنىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرگە، يېڭى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئۇلۇغ ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش جەريانىدا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى داۋاملىق بېيىتىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك. پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ دېڭ شياۋپىڭ

نەزەرىيىسنى ئىجادىي ھالدا قەتئىي داۋاملاشتۇرۇش، بېيىتىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشنى پۈتۈن پارتىيىنىڭ تەنتەنىلىك تارىخىي بۇرچى يۇكسەكلىكىگە كۆتۈرگەنلىكى بۇ مەسىلىنىڭ جىددىيلىكىنى ۋە تەخىرسىزلىكىنى تولۇق چۈشەندۇردى. بىز مۇشۇنداق يۇكسەكلىكتە تۇرۇپ، ئىجادىي خىزمەتلىرىمىز ئارقىلىق، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش ۋە تەتبىقلاشنى 15-قۇرۇلتاي تەلەپ قىلغان يېڭى سەۋىيىگە كۆتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسىنى ئۆگىنىش يېڭى دولقۇنىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشىمىز لازىم.

**تەرجىمە قىلغۇچى: رىسالەت ئابلا**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

# پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ پارلاق غەلىبىسى

## —نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقىنى خاتىرىلەش مۇناسىۋىتى بىلەن

**ماۋ رۇبەي**

بۇ يىل نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 40 يىللىقى. 40 يىلدىن بۇيان، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ شانلىق يېتەكچىلىكىدە، نىڭشيادىكى خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ھەر مىللەت خەلقلىرى ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلىپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويدى؛ باراۋەر بولۇش-ئۆزئارا ياردەملىشىش، ئىتتىپاقلىشىش-ھەمكارلىشىش، ئورتاق گۈللىنىش ئاساسىدىكى سوتسىيالىستىك يېڭىچە مىللىي مۇناسىۋەتنى شەكىللەندۈردى ۋە راۋاجلاندۇردى؛ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى يولغا قويۇپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشتا ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، شەھەر-يېزا قىياپىتىدە يەر-جاھاننى زىلزىلىگە كەلتۈرگىدەك ئۆزگىرىشلەرنى بارلىققا كەلتۈردى. 1997-يىلى مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 21 مىليارد يۈەن بولۇپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلۇشتىن بۇرۇنقىدىن (1957-يىلدىكىدىن) 28.9 ھەسسە ئاشتى؛ مالىيە كىرىمى 1 مىليارد 370 مىليون يۈەن بولۇپ، 1957-يىلدىكىنىڭ 38 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ؛ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان مىللىي ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى 3962 يۈەنگە يەتكەن بولۇپ، بۇ، 1957-يىلدىكىنىڭ 10.1 ھەسسىسىگە توغرا كېلىدۇ. ئىقتىسادىي تەرەققىيات ئاساسىدا، ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۈزلۈكسىز ئۆستى، 1997-يىلى دېھقانلارنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ساپ كىرىمى 1545 يۈەن، شەھەر-بازارلاردىكى ئاھالىلەرنىڭ كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان يىللىق كىرىمى 3850 يۈەن بولدى. مىللەتلەر ئىتتىپاق بولغان، جەمئىيەت ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان، ئىقتىساد تەرەققىي قىلىۋاتقان، سىياسىي جەھەتتە مۇقىم بولغان، دەسلەپكى قەدەمدە گۈللەنگەن سوتسىيالىستىك يېڭى نىڭشيا كىشىلەر ئالدىدا نامايان بولماقتا.

ئاپتونوم رايوننىڭ 40 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن ئۇلۇغ مۇۋەپپەقىيەتلىرى—پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ ئۇلۇغ غەلىبىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ ئۆتكەنكى ھەر نۆۋەتلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پۈتۈن رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقلىرىنى باشلاپ پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي ئىجرا قىلىپ، ئىتتىپاقلىشىپ كۈرەش قىلغانلىقى، ھەققىي، ئەمەلىي ئىشلىگەنلىكى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ

ئىگىلىك تىكلىگەنلىكى، يول ئېچىپ يېڭىلىق ياراتقانلىقىنىڭ نەتىجىسى. 40 يىلدىن بۇيانقى ئەمەلىي تەجرىبىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەش بىزنىڭ پارتىيە 15-قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى تېخىمۇ قەتئىي تەۋرەنمەي ئېگىز كۆتۈرۈپ، يولداش جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ ئەتراپىغا تېخىمۇ زىچ ئۇيۇشۇپ، ئۆتكەن ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سېلىپ، نىڭشيانىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى داۋاملىق ئالغا سىلجىتىشىمىزدا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

## 1. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇپ، نىڭشيانىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنى كۆزدە تۇتقان ھالدا خىزمەت ئىشلەپ بېرىش لازىم

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دۆلەتنى قۇدرەت تاپقۇزۇش، مىللەتنى گۈللەندۈرۈشنىڭ تۈپ كاپالىتى، جۇڭگو تارىخىي تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر يولىدۇر. جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يولغا قويغانلىقىمىز ئۈچۈنلا، بىز مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشنىڭ جۇڭگوچە توغرا يولىنى تاپتۇق. پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش دېگەنلىك پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك نوپۇزىنى قەتئىي قوغداپ، مەركەزنىڭ ئەمر-پەرمانلىرىنىڭ يۈرۈشۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش دېگەنلىكتۇر. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، دۆلەتنىڭ بىرلىكى، مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغدىغىلى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتىنى قوغدىغىلى ۋە ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

40 يىلدىن بۇيان، نىڭشيادىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى باشتىن-ئاخىر ئاڭلىق ھالدا يولداش ماۋ زېدۇڭ، دېڭ شياۋپىڭ، جياڭ زېمىن يادرولۇقىدىكى ئۈچ ئەۋلاد پارتىيە مەركىزىي كومىتېت رەھبەرلىك كوللېكتىپى بىلەن يۈكسەك بىردەكلىكنى ساقلاپ، ھەر مىللەت خەلق ئاممىسى بىلەن قان بىلەن گۆشتەك قويۇق مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، "سول"چىللىق ۋە ئوڭچىللىقتىن كېلىدىغان توسالغۇلارنى ئۈزلۈكسىز سۈپۈرۈپ تاشلاپ، ھەر مىللەت خەلقلىرىنى باشلاپ قەتئىي تەۋرەنمەي سوتسىيالىزم يولىدا ماڭدى، نىڭشيانىڭ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلغانلىقى، ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلىگەنلىكىنىڭ تۈپ سەۋەبى ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت. 40 يىللىق تارىخىي تەجرىبىلەر بىزگە شۇنى ئۇقتۇرىدۇكى، جۇڭگو كومپارتىيىسى بولمىغان بولسا، نىڭشيادىكى خۇيزۇ خەلقى ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئازادلىقى بولمىغان بولاتتى، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ قۇرۇلۇشىمۇ بولمىغان بولاتتى، نىڭشيانىڭ بۈگۈنكىدەك ھاياتىي كۈچكە ۋە ئۈمىدكە تولغان چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىمۇ بولمىغان بولاتتى.

جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكىدە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش پارتىيىمىزنىڭ ماركسىزملىق مىللەت قارىشى بىلەن مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىش جەھەتتىكى ئاساسىي سىياسىتى، دۆلىتىمىزنىڭ بىر تۈرلۈك مۇھىم سىياسىي تۈزۈمىدۇر. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتى ھەم خۇيزۇ خەلقىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي ۋە مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردە ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشىگە كاپالەتلىك قىلىدۇ، ھەم ۋەتەننىڭ بىرلىكى ۋە مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقىغا تۈرلۈك

شەكىللەر بىلەن بۇزغۇنچىلىق قىلىدىغان قىلمىشلارغا قەتئىي قارشى تۇرىدۇ. نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز دۆلەتنىڭ مەنپەئەتى ۋە جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇپ، دۆلەتنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، مەركەزنىڭ رەھبەرلىكىگە بويسۇنۇپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارنىڭ ئۆز يېرىمىزدە ئىجرا قىلىنىشىغا كاپالەتلىك قىلىپ كەلدۇق، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنى يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇردۇق. «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى» يۈرگۈزۈلگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رىيونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى ھەم ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى مەزمۇنى سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، مائارىپ قاتارلىق تەرەپلەرگە چېتىلىدىغان يەرلىك خاراكتېرلىك قانۇن-نىزام ۋە قانۇنىي كۈچكە ئىگە بەلگىلىمە، قاراردىن 149 نى تۈزۈپ چىقتى، «نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيە نىزامى» ھازىر تۈزۈلۈۋاتىدۇ. بۇ يەرلىك خاراكتېرلىك قانۇن-نىزاملارنىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يۈرگۈزۈلۈشى مىللىي ئاپتونومىيە ھوقۇقىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ ئاپتونومىيە ھوقۇقىدىن تولۇق بەھرىمەن بولۇشىغا كاپالەتلىك قىلدى. نىڭشيانىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇش ئەمەلىيىتى ئىسپاتلىدىكى، جۇڭگو كومپارتىيىسىنىڭ رەھبەرلىكى مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە تۈزۈمىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ ئالدىنقى شەرتى ۋە ئۇنىڭ توغرا يۈرگۈزۈلۈشىنىڭ تۈپ كاپالىتى. مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە مەركەز بىلەن مىللىي ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا، ئاپتونومىيىلىك جايلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشقا پايدىلىق بولۇپ، مەملىكىتىمىزنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتىكى بىردىنبىر توغرا يولدۇر. پارتىيىنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇش پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ مۇھىم ئىپادىسى، سوتسىيالىستىك دېموكراتىيە-قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى؛ بىز بۇ سىياسەتنى داۋاملىق، ئاڭلىق ھالدا ئىزچىللاشتۇرۇشىمىز لازىم.

پارتىيىنىڭ رەھبەرلىكىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، چوقۇم نىڭشيانىڭ مىللىي ئالاھىدىلىكى، رايون ئالاھىدىلىكى ۋە ئىقتىسادىي ئالاھىدىلىكىنى كۆزدە تۇتۇپ، مەركەزنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى نىڭشيانىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈشكە ماھىر بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا ماس كېلىدىغان ئىستراتېگىيىلىك تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىقىپ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم. نىڭشيا ئىچكى قۇرۇقلۇقتا جايلاشقان خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى بولۇپ، چېگرىدىن، دېڭىزدىن يىراق، قاتناش قولايسىز، ئۇچۇرنىڭ تارقىتىلىشى ئاستا، ئىقتىساد، مەدەنىيىتى ئارقىدا، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ سەۋىيىسى تۆۋەن، ئومۇمەن ئالغاندا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ بىرقەدەر تۆۋەن قاتلىمىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇ—ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئاساسىي ئەھۋالى، ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەت. 40 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىنىڭ ئۆتكەنكى ھەر نۆۋەتلىك پارتكوملىرى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەمەلىيىتىنى چىقىش قىلىپ، ئوخشىمىغان تەرەققىيات باسقۇچىدا شۇ باسقۇچقا مۇناسىپ بولغان تەرەققىيات ئىستراتېگىيىلىرى ۋە خىزمەت لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەققىي يۈرگۈزگىلى بولىدىغان نۇرغۇن سىياسەت تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، ياخشى ئۈنۈمگە ئېرىشتى. پارتىيىنىڭ 15-قۇرۇلتى-

يېڭى بويان، بىز ئۆتكەنكى ھەر نۆۋەتلىك پارتكوملارنىڭ خىزمەت جەھەتتىكى مۇۋەپپەقىيەتلىك تەجرىبىلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئەھۋالىغا بولغان تونۇشنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىشنى ئاساس، بازارنى يېتەكچى قىلغان ھالدا يېزا ئىگىلىكىنى كەسپلەشتۈرۈش، سانائەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇش، يېڭى تېخنىكىلارنى قوللىنىشتىن ئىبارەت ”ئۈچ لىنىيە“ بويىچە ئالغا ئىلگىرىلەپ، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش، ئىقتىسادىي قۇرۇلمىنى تەڭشەشنى تېزلىتىش، ئومۇمىي مۇلۇكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا ئومۇمىي مۇلۇكچىلىكتە بولمىغان ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش، نامراتلارنى يۆلەش بويىچە ئاتاكا قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇش، ئىجتىمائىي تەرەققىياتنى تېزلىتىش، شۇ ئارقىلىق نىڭشىيانىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ئۈستۈنلۈكىنى شەكىللەندۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ تەڭكەش تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى ئوتتۇرىغا قويدۇق. بۇ تەرەققىيات ئىستراتېگىيىسى ۋە ئاساسىي فاڭجېن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئەمەلىي تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى ۋە كوللېكتىپ ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئۆتكەنكى ھەر نۆۋەتلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلىرىنىڭ پايدىلىق ئىزدىنىشى ۋە مۇۋەپپەقىيەتلىك تەدبىرلىرىنىڭ داۋاملاشتۇرۇلۇشى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئوبيېكتىپ ئەمەلىيىتىنىڭ توغرا ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىز ئىقتىسادىنىڭ تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشى ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك يۈكسىلىشىنى ئۈنۈملۈك ئالغا سىلجىتىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەت ئىسپاتلىدىكى، پارتىيىنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى نىڭشىيانىڭ ئەمەلىيىتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، يۈرەكلىك ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، خىزمەتلەرنى ئىجادچانلىق بىلەن قانات يايدۇرغاندىلا، ئاندىن ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىۋاتقان ئوبيېكتىپ ۋەزىيەتكە ماسلاشقىلى بولىدۇ؛ مەركەزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى كونكرېتلاشتۇرۇپ، نىڭشىيانىڭ ئەمەلىيىتىگە ماس كېلىدىغان توغرا تەدبىرلەرنى تۈزۈپ چىققاندىلا، ئاندىن سۈرئەت بىرقەدەر تېز، قەدەم بىرقەدەر پۇختا، ئىقتىسادىي ئۈنۈم بىرقەدەر ياخشى، خەلق تۇرمۇشىنىڭ ياخشىلىنىشى بىرقەدەر روشەن بولغان يېڭى يولنى تاپقىلى بولىدۇ.

**2. ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش-بېيىش قەدىمىنى تېزلىتىپ، ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش لازىم**

ئىقتىسادنى راۋاجلاندۇرۇش سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى، شۇنداقلا مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش يېڭى دەۋردە مىللەتلەر باراۋەرلىكىدە چىڭ تۇرۇش، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىش، مىللەتلەر مەسىلىسىنى ياخشى ھەل قىلىشنىڭ ئاساسى، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ كۆرسەتكىنىدەك: ”مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيىنى يولغا قويۇشتا، ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرمىسەك، ئاپتونومىيە دېگىنىمىز قۇرۇق گەپ بولۇپ قالىدۇ.“ («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 1-توم، 386-بەت)

مۇرەككەپ تارىخىي ۋە رېئال سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، شىنجاڭنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىيات سەۋىيىسى پۈتۈن مەملىكەتنىڭكىگە سېلىشتۇرۇلغاندا، بىرقەدەر روشەن پەرق بار، ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېيتقاندا ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋەزىپىسى تېخىمۇ ئېغىر. شۇڭا، بىز ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا تېخىمۇ ئاڭلىق ھالدا چىڭ تۇرۇشىمىز، بۇ مەركەزدىن چەتلەپ كەتمەسلىكىمىز لازىم. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭنىڭ ئۆتكەنكى ھەر نۆۋەتلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلىرى ئاپتونوم رايوننىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشىغا ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى مەھكەم تۇتۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، كۆپ مىقداردا مالىيە كۈچى، ماددىي كۈچ سېلىپ، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈردى. يېزا ئىگىلىكىدە، ئىشنى ئىشلەپچىقىرىش شارائىتى ۋە ئېكولوگىيىلىك مۇھىتنى ئۆزگەرتىشتىن باشلاپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، كونا سۇغىرىش رايونىغا قارىتا تېخنىكىلىق ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىپ، بىر تۈركۈم مەركىزىي تايانچ سۇ ئىنشائاتلىرىنى قۇرۇپ چىقىپ، سۇغىرىش، سۇنى چىقىرىۋېتىش، تاشقىندىن ساقلىنىش، قۇرغاقچىلىققا قارشى تۇرۇش، سۇ-تۇپراقنى ساقلاش، ئادەم ۋە ھايۋاناتلارنى ئىچىملىك سۇ بىلەن تەمىنلەش قاتارلىق سۇ ئىنشائاتى سىستېمىسىنى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندۈردۇق. خۇاڭخې دەرياسىدىن سۇ باشلاپ سۇغىرىش رايونلىرىدىكى تۆۋەن مەھسۇلاتلىق ئېتىزلارنى ياخشىلاپ، خۇاڭخې دەرياسىنى بويلاپ ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ۋە بېلىقچىلىقنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى پائال ئىلگىرى سۈرۈپ، كۆپ خىل ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، يېزا ئىگىلىكىنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى كۆرۈنەرلىك ئۆستۈردۇق. ئاشلىق مەھسۇلاتى 1997-يىلى 2 مىليارد 550 مىليون كىلوگىرامغا يېتىپ، 1957-يىلدىكىدىن 3.6 ھەسسە ئاشتى، كىشى بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئاشلىق پۈتۈن مەملىكەت بويىچە 5-ئورۇندا تۇرىدۇ. سانائەتتە، بايلىق ئۈستۈنلۈكىگە تايىنىپ، ئېنېرگىيە، خام ئەشيا-ماتېرىيال مۇھىم نۇقتا قىلىنغان تۈۋرۈكلۈك كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردۇق، كۆمۈر سانائىتى، ئېلېكتر سانائىتى، خىمىيە سانائىتى، مېتاللۇرگىيە سانائىتى، ماشىنىسازلىق سانائىتى، بىناكارلىق-قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى سانائىتى ۋە يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش سانائىتى قاتارلىقلار بىرقەدەر تېز راۋاجلاندى، بىر تۈركۈم ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدىغان كەسىپ، كارخانا ۋە مەھسۇلاتلار بازار رىقابىتىدە باش كۆتۈرۈپ چىقتى. 1957-يىلدىكىگە سېلىشتۇرغاندا، 1997-يىلى سانائەت ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتى 207.8 ھەسسە، كۆمۈر قېزىش ئىقتىدارى 48.1 ھەسسە ئاشتى. قاتناش، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشى تېز راۋاجلاندى. يۇقىرى دەرىجىلىك تاشيول يوقلۇقتىن بارلىققا كەلدى. خەلق ئاۋىئاتسىيىسىنىڭ ئاساسىي مۇئەسسەسىلىرى تۈپ جەھەتتىن ياخشىلىنىپ، قاتناش ئىقتىدارى زور دەرىجىدە ئۆستى، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تەرەپ-تەرەپكە تۇتاشتۇرۇلغان، تۆمۈريول، تاشيول ۋە خەلق ئاۋىئاتسىيىسى بىرلەشتۈرۈلگەن قاتناش-ترانسپورت تورى دەسلەپكى قەدەمدە شەكىللەندى. ئالاقە كەسپىدە كۆچمە ئالاقە تورى، دەرىجىلىك كوممۇتاتور تورى ۋە رەقەملىك كوممۇتاتور تورى قۇرۇلدى، ناھىيە، يېزىلار تېلېفونىدا پروگراممىلىق باشقۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى، شەھەرلەرنىڭ تېلېفونلىشىش نىسبىتى

پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئوتتۇراھال سەۋىيىسىدىن ئېشىپ كەتتى، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، پەن-تېخنىكا، مائارىپ، سەھىيە ھەم باشقا ئىجتىمائىي ئىشلارمۇ ئومۇميۈزلۈك راۋاجلاندى. ئىقتىساد ۋە ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ھەم جەمئىيەتنىڭ مۇقىملىقىنى ئىلگىرى سۈردى.

نىڭشىيادىكى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان جەنۇبىي نىڭشىيا تاغلىق رايونى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېرىمىنى ئىگىلەيدۇ، بۇ رايوندا تاغلار ئېگىز، جىلغىلار چوڭقۇر، يارلار گىرەلىشىپ كەتكەن، ئون يىلنىڭ توققۇزى قۇرغاق، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى ئىنتايىن ناچار، ئىقتىساد، مەدەنىيىتى ئارقىدا، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى ئىنتايىن جاپالىق، ئۇ پۈتۈن مەملىكەت بويىچە ئەڭ نامرات رايونلارنىڭ بىرى بولۇپ، "مەملىكەت بويىچە ئەڭ جاپالىق جاي" دېگەن نامى بار. جەنۇبىي نىڭشيا تاغلىق رايونىدىكى نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش نىڭشيانىڭ ئىقتىسادىي ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىيىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش ھېسابلىنىدۇ. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ ئىسلاھات ئېلىپ بېرىلغان، ئىشىك ئېچىۋېتىلگەندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى ۋە گوۋۇيۈەننىڭ زور كۈچ بىلەن قوللاپ قۇۋۋەتلىشى ئارقىسىدا، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت مىللەتلەرنى ئورتاق گۈللەندۈرۈش پرىنسىپى ۋە "تۈزلەڭ رايونلارنىڭ تەرەققىياتى ئارقىلىق تاغلىق رايونلارغا ياردەم قىلىش، تاغلىق رايونلار بىلەن تۈزلەڭ رايونلار بىر-بىرىگە ياردەم قىلىش، ئىككىسىنى ئورتاق راۋاجلاندۇرۇش" فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تۈزلەڭ رايونلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش بىلەن بىرگە، جەنۇبىتىكى تاغلىق رايوننىڭ تەرەققىياتىغا يۇكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، تاغلىق رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسىنى باشلاپ نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش جېڭى قىلىپ كەلدى. ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش يولى بىلەن، ئىشىكنى ئېچىۋېتىش يولى بىلەن نامراتلارنى يۆلەشتە چىڭ تۇردۇق، بىئولوگىيىلىك تەدبىر، قۇرۇلۇش تەدبىرى ۋە تېخنىكىلىق تەدبىرلەرنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈپ، ئىلگىرى-كېيىن بولۇپ 3 مىليارد يۈەندىن ئارتۇق مەبلەغ سېلىپ، دېھقانچىلىق ئېتىز-ئېرىق ئاساسىي قۇرۇلۇشى ۋە سۇ، توك، يول، ئالاقە قاتارلىق ئاساسىي مۇئەسسەسە قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتتۇق، خۇاڭخې دەرياسىدىن سۇ چىقىرىپ سۇغىرىش ئىنشائاتىدىن "گۇيۈەن-خەيۈەن"، "يەنچى-خۇەنشيەن-دىڭبيەن" قاتارلىق بىرقانچە چوڭ تىپتىكى ئىنشائاتنى قۇردۇق ۋە قايتىدىن قۇردۇق، بىنەم يەر بەرپا قىلىش، كىچىك ئېقىنلارنى ئۇنىۋېرسال تىزگىنلەش، قۇدۇق قېزىش، ئورا قېزىش، ئوت تېرىش، كۆچەت تىكىش ئىشلىرىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇردۇق، تاغلىق رايون تەرەققىياتىنىڭ زاپاس كۈچىنى ئاشۇرىدىغان بىر تۈركۈم قۇرۇلۇش تۈرلىرىنى يېڭىدىن قۇرۇپ چىقتۇق، ئېكولوگىيىلىك يېزا ئىگىلىكى ۋە رايون خاراكتېرلىك تۈۋرۈكلۈك كەسىپلەرنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇردۇق، كەنت بويىچە ئاھالىلەرنى باشقا جايلارغا يۆتكەپ، ئېچىش خاراكتېرلىك قۇرۇلۇش ئېلىپ باردۇق، تاغلىق رايونلاردىكى ناھىيىلەر بىلەن تۈزلەڭ رايونلاردىكى شەھەرلەرنىڭ سىستېما بويىچە ئۆزئارا ياردەم بېرىشىنى ۋە ئىدارە، كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارنىڭ يېزا، كەنت بويىچە نامراتلارنى ھۆددىگە ئېلىشىنى پائال تەشكىللىدۇق، يېزا ئىگىلىكىدە قوللىنىلىدىغان تېخنىكىلارنى زور كۈچ بىلەن كېڭەيتتۇق. دۆلەت ھەر يىلى ئاپتونوم رايونىمىزغا ئايرىپ

بەرگەن «تەرەققىي قىلمىغان رايونلارنىڭ تەرەققىياتىغا ياردەم قىلىش پۇلى»نىڭ ھەممىسنى خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي تەرەققىيات تۈرلىرىگە ئىشلەتتۇق. كۆپ يىللىق تىرىشچانلىق ئارقىلىق، نىڭشيانىڭ نامراتلىق ئىستىھكامىغا ھۇجۇم قىلىش ئىشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جەنۇبىي نىڭشيا تاغلىق رايوننىڭ ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى كۆرۈنەرلىك ياخشىلاندى، تەبىئىي ئاپەتكە قارشى تۇرۇش ئىقتىدارى كۆرۈنەرلىك ئاشتى، قىياپىتىدە چوڭقۇر ئۆزگىرىشلەر بولدى، ھەممە كەنتلەر توك بىلەن تەمىنلىنىدىغان، ھەممە يېزىلارغا ماشىنا قاتنايدىغان بولدى، تاغلىق رايوندىكى نامرات ئاھالىلەر 1 مىليون 390 مىڭدىن كېمىيىپ 520 مىڭغا چۈشتى، نامراتلىق جايلارنىڭ كۆلىمى 69 پىرسەنتتىن 25 پىرسەنتكە چۈشتى، بۇ ھال نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا قاراپ مېڭىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن مۇستەھكەم ئاساس سالدى.

نىڭشيا ئىقتىسادى ئارقىدا قالغان، لېكىن تەرەققىياتىدا غايەت زور يوشۇرۇن كۈچكە ئىگە بولغان رايون، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا، بىرىنچىدىن ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىمىز، ئىككىنچىدىن دۆلەتنىڭ يۆلىشىگە تايىنىمىز، ئۈچىنچىدىن قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمىگە تايىنىمىز. نىڭشيادەك ئاساسى ئاجىز، تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان ئاز سانلىق مىللەت رايونىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا، دۆلەتنىڭ يۆلىشى، قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردەملىشىشى كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم تاشقى شارائىت، ئۇنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقىدا شەك يوق، لېكىن، ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرى تەرەققىي تاپماقچى، نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشنى ئىشقا ئاشۇرماقچى بولسا، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، يەنىلا ئاز سانلىق مىللەت ئاممىسىنىڭ ئۆز كۈچىگە تايىنىپ ئىش كۆرۈشى، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ كۈرەش قىلىشىغا تايىنىش كېرەك. ئاز سانلىق مىللەتلەر ئۆزلىرى روھىنى ئۇرغۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەندىلا، دۆلەتنىڭ ياردىمى ۋە يۆلىشى شۇنىڭدەك باشقا رايونلارنىڭ قوللىشى ئاندىن تېخىمۇ چوڭ رولىنى جارى قىلدۇرالايدۇ، ئاندىن ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلەتكىلى بولىدۇ.

نىڭشيا خەلقى 40 يىللىق كۈرەش مۇساپىسىدىن شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلدىكى، ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى باشتىن-ئاخىر مىللىي خىزمەتنىڭ ئالدىنقى ئورنىغا قويغاندا، نىڭشيانىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى پەيدىنپەي كىچىكلىتىپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىياتى، ئورتاق بېيىشى ۋە ئورتاق گۈللىنىشنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

### 3. مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تىپتىكى مىللىي مۇناسىۋەتنى مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇش لازىم

مىللەتلەر باراۋەرلىكى، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدا چىڭ تۇرۇش ماركسىزمنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسنى ھەل قىلىشىدىكى ئاساسىي پرىنسىپى، شۇنداقلا پارتىيىمىزنىڭ مىللىي سىياسىتىنىڭ مەركىزىي مەزمۇنى. ئاز

سانلىق مىللەت رايونى بولغان نىڭشيا ئۇچۇن ئېيتقاندا، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا تونۇپ ۋە بىر تەرەپ قىلىپ، مىللەتلەرنىڭ بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش باشتىن-ئاخىر ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى زور مەسىلە ھېسابلىنىدۇ. خۇددى يولداش جياڭ زېمىن كۆرسەتكەندەك: ”ئىتتىپاقلىق مۇستەھكەم بولسا، جەمئىيەت ئامان بولىدۇ، ھەممە ئىشلار يۈرۈشىدۇ؛ ئەكسىچە، ئىتتىپاقلىق بۇزۇلسا، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، ھەممە ئىشلار خارابلىشىدۇ.“

كۆپ يىللاردىن بۇيان، بولۇپمۇ پارتىيىنىڭ 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېت 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، مىللەتلەر مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش مەسىلىسىدە، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەر ۋە ھەر مىللەت خەلقلىرى يۈكسەك ئاڭلىقلىقى، قەتئىيلىكى ۋە ئىجادچانلىقىنى ئىپادىلەپ، باشتىن-ئاخىر ئېغىشماي يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەتنى راۋاجلاندۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى. پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىنى ئاڭلىق ئىجرا قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، مىللىي خىزمەتتە ساقلانغان ”سول“چىل خاتالىقلارنى ئىنقىلاپ ۋە تۈزىتىپ، يالغان، خاتا ئەنزىلەرنى ئاقلىدۇق، كەڭ كادىرلار ۋە ئاممىغا قارىتا قەتئىي بوشاشماي ماركسىزملىق مىللەت قارىشى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستى توغرىسىدا تەشۋىقات ۋە تەربىيە ئېلىپ باردۇق، ئالىي مەكتەپ، ئوتتۇرا تېخنىكوم ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەردە ئومۇميۈزلۈك ھالدا ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسىگە ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياستىگە دائىر دەرسلەرنى ئورۇنلاشتۇردۇق. «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىگە ھۆرمەت قىلىش توغرىسىدىكى بىرقانچە بەلگىلىمە»نى ئېلان قىلىپ يولغا قويدۇق، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى پائالىيىتىنى كەڭ كۆلەمدە قانات يايدۇرۇپ، ھەر يىلقى 10-ئاينى ”مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ئېيى“ قىلىپ بەلگىلەپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتى بويىچە ئۈلگار تىپلارنى زور كۈچ بىلەن تەقدىرلىدۇق ۋە ئۇلارنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى كېڭەيتتۇق. مىللىي سىياسەتنىڭ ئۈنۈملۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈلۈشى ۋە دائىملىق ئىدىيىۋى تەربىيىنىڭ ئېلىپ بېرىلىشى كىشلەرنىڭ مىللەتلەر مەسىلىسىدىكى ھەق-ناھەقنى ئايرىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى جەھەتتىكى مەسئۇلىيەت تۇيغۇسىنى كۈچەيتىپ، يېڭى تىپتىكى سوتسىيالىستىك مىللىي مۇناسىۋەت ئاساسىدىكى مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملىدى ۋە راۋاجلاندۇردى، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئاممىسىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغىدى، بۇنىڭ بىلەن خۇيزۇ، خەنزۇ قاتارلىق ھەرقايسى مىللەتلەر ئوتتۇرىسىدا، بىر مىللەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا بىر-بىرىنى تېخىمۇ چۈشىنىدىغان، تېخىمۇ ئىشىنىدىغان، ھەمنەپەس، تەقدىرداش، قەلبداش بولۇپ، زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئىچقويۇن-تاشقويۇن بولۇپ كەتكەن ۋەزىيەت بارلىققا كېلىپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى-تەرەققىياتىنى كۆزلەيدىغان ياخشى كەيپىيات ۋە خىزمەت مۇھىتى ھاسىل قىلىندى، خۇددى باش شۇجى جياڭ زېمىن 1991-يىلى 6-ئايدا نىڭشيانى كۆزدىن كەچۈرگەندە كۆرسىتىپ ئۆتكەندەك، ”ئۇزاقتىن بېرى، خۇيزۇ، خەنزۇ ۋە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر ئىشلەپچىقىرىش ۋە تۇرمۇشتا ئۆزئارا قوللىشىپ، ئۆزئارا ياردەم بېرىشىپ، ئىناق ئۆتىدىغان مىللەتلەر چوڭ ئائىلىسىنى شەكىللەندۈردى.“ بۇ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشلىرىنى، ئىقتىسادىي

تەرەققىياتىنى ۋە ئىجتىمائىي مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينىدى.

نىڭشيا خۇيزۇ مىللىتىنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، ئاز سانلىق مىللەت ئاپتونومىيە يۈرگۈزىدىغان جاي بولۇپ، خۇيزۇلار پۈتۈن ئاپتونوم رايون ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 33.6 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. خۇيزۇلار-نىڭ ئۇرغۇنلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاچقا، ئىسلام دىنى خىزمىتىنى ئەستايىدىللىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، دىنىي مەسىلىنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش نىڭشيانىڭ ۋەزىيىتىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، خۇيزۇ خەلقىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلغۇچى كەڭ ئاممىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، ئۇلارنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇشقا تېخىمۇ ياخشى ئاتلاندۇرۇشتا ئىنتايىن مۇھىم. ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، بىز باشتىن-ئاخىر پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى كادىرلار ۋە ئاممىغا ماركسىزملىق دىن قارىشى تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيىنىڭ دىنىي سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك، توغرا ئىجرا قىلىپ كەلدۇق. بىر تەرەپتىن دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئامما ۋە دىنىي ساھەدىكى زاتلارنىڭ دىنغا ئىشىنىش ئەركىنلىكىگە چىن دىلىمىز بىلەن ھۆرمەت قىلىپ، ئۇلارنىڭ نورمال دىنىي پائالىيەت ئېلىپ بېرىش ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدۇق؛ يەنە بىر تەرەپتىن دىنىي خىزمەتكە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، "خەلقنىڭ مەنپەئىتىنى قوغداش ۋە قانۇننىڭ ئابرويىنى قوغداش"تىن ئىبارەت ئىككى بايراقنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، قانۇن بويىچە دىنىي ئىشلارغا بولغان باشقۇرۇشنى كۈچەيتتۇق، بىدئەتلىك دىنىي تەشكىلاتلار ۋە قانۇنسىز دىنىي پائالىيەت-لەرنى قەتئىي مەنئى قىلدۇق، دىنىنىڭ ئىچكى قىسمىنى مۇقىملاشتۇرۇش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدۇق. دىننى سوتسىيالىستىك جەمئىيەتكە ماسلىشىشقا پائال يېتەكلەپ، دىنىنىڭ ئۆزىنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ئاساسەن خىزمەتنى قانات يايدۇرۇپ، دىنىي ساھەدىكى زاتلار ۋە دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان كەڭ ئاممىنى سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش ئىشلىرىغا پائال ئاتلىنىپ، جەمئىيەت ئامانلىقىنى قوغداش، ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشقا يېتەكلىدۇق.

40 يىللىق ئەمەلىيەت بىزگە شۇنى ئۇقتۇردىكى، پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى ۋە دىنىي سىياسىتى جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا پۈتۈنلەي ماس كېلىدۇ، ئۇ دۆلەت ئىچىدىكى مىللىي مەسىلە ۋە دىنىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ توغرا يولى ھېسابلىنىدۇ. ئىتتىپاقلىق—ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىنىڭ گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش، ئالغا ئىلگىرىلىشىدىكى ئەڭگۈشتەر. ئىتتىپاقلىقتىن ئۇيۇشۇش كۈچى چىقىدۇ، ئىتتىپاقلىقتىن جەڭگى-ۋار كۈچ چىقىدۇ، ئىتتىپاقلىقتىن ئىشلەپچىقىرىش كۈچى چىقىدۇ. ئىتتىپاقلىق ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇمىي ۋەزىيىتىنىڭ جان تومۇرى، خەلقنىڭ ئارزۇسىدۇر.

**4. پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىدە چىڭ تۇرۇپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىش كېرەك**

يولداش جياڭ زېمىن 1991-يىلى 6-ئايدا نىڭشيانى كۆزدىن كەچۈرگەندە تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: "مىللىي سىياسەتنى ياخشى ئىجرا قىلىش، مىللىي خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش ئۈچۈن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى زور كۈچ بىلەن تەربىيىلەش لازىم. بىز بۇ مەسىلىگە مىللىي مەسىلىلەرنى ھەل قىلىش، زامانىۋىلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرۈش، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنى گۈللەندۈرۈشتەك

ئىستراتېگىيىلىك يۈكسەكلىكتە تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشىمىز لازىم.» نىڭشىيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونى قۇرۇلغاندىن بۇيان، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم ۋە ھۆكۈمەتلەر ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، تاللاپ ئۆستۈرۈش ۋە ئىشلىتىشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىپ كەلدى، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئومۇمىي ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى ئاساس قىلىپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى خىزمىتىنىڭ سالمىقىنى ئاشۇرۇش يۈزىسىدىن، ئاپتونوم رايونىمىز تەرەققىياتىدىكى ئەمەلىي ئېھتىياجنى كۆزدە تۇتۇپ، پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، سان بىلەن سۈپەتنى تەڭ تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ كەلدى. كۆپ يىللاردىن بۇيان، بىز ئوقۇغۇچى قوبۇل قىلىشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، ئالىي مەكتەپلەردە مىللىيلار تەييارلىق سىنىپى ئېچىش، خۇيزۇ ئوتتۇرا، باشلانغۇچ مەكتەپلىرى ۋە خۇيزۇ قىزلار مەكتىپىنى قۇرۇش قاتارلىق يوللار بىلەن ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن-مەدەنىيەت ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەشنى تېزلەتتۇق؛ ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىغا دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى تەربىيىسى مۇھىم نۇقتا قىلىنغان ھالدا ماركسىزملىق ئاساسىي نەزەرىيە تەربىيىسى ئېلىپ بېرىشتا بوشاشماستىن چىڭ تۇرۇپ، ئۇلارنى نەزەرىيە سەۋىيىسى ۋە سىياسىي ساپاسىنى يەنىمۇ ئۆستۈرۈش، مۇستەھكەم، توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاش، چاكارلىق ئېڭى ۋە جان-دىل بىلەن ھەر مىللەت خەلقى ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئىدىيىسىنى ھازىرلاش، پرولېتارىياتلىق دۇنياقاراش ۋە مىللەت قارىشىنى مەھكەم تۇرغۇزۇش، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ تۈرلۈك فاڭجېن-سىياسەتلىرىنى ئىزچىل ئىجرا قىلىش ئاڭلىقلىقىنى ئاشۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدۇق؛ مىللىي كادىرلار كۇرسى، تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈش كۇرسى ئېچىش، سىرتقا بىلىم ئاشۇرۇشقا ئەۋەتىش، مەركەزدىكى ئورگانلارغا ۋە تەرەققىي قىلغان رايونلارغا بېرىپ ۋەزىپە بىلەن چېنىقىش، جايلار ئارا كادىرلارنى ئالماشتۇرۇش قاتارلىق شەكىللەر بىلەن ئۇلارنىڭ يول ئېچىپ ئىلگىرىلەش ئېڭىنى كۈچەيتىپ، ئۇلارنىڭ ئومۇمىيلىقنى ئىگىلەش ۋە ماكرو جەھەتتىن تەدبىر بەلگىلەش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنى تەربىيىلەش، ئىشلىتىشنى خېلى زور دەرىجىدە ئالغا سۈردۇق. ھازىر، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى 31 مىڭغا يېتىپ، ئاپتونوم رايونىمىز قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدىكىدىن سەككىز ھەسسە ئاشتى. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئىچىدە خۇيزۇ كادىرلارنىڭ ئىگەللىگەن نىسبىتى خۇيزۇ كادىرلارنىڭ كادىرلار ئومۇمىي سانى ئىچىدە ئىگەللىگەن نىسبىتىدىن يۇقىرى، ئاپتونوم رايونلۇق ھۆكۈمەتنىڭ رەئىسلىكى شۇنىڭدەك خۇيزۇلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردىكى ۋىلايەتلىك، شەھەرلىك، ناھىيىلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىكىنى خۇيزۇ كادىرلار ئۈستىگە ئالغان. 9-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نىڭشيالىق 16 ۋەكىلىدىن سەككىزى خۇيزۇ بولۇپ، 50 پىرسەنتنى ئىگەللەيدۇ. ئاز سانلىق مىللەت كەسپىي تېخنىكا كادىرلىرى قوشۇنى كىچىكلىكتىن چوڭىيىپ، ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان دەسلەپكى مەزگىلدە مىللىي كادىرلار ئومۇمىي سانىدا ئىگەللىگەن 4.5 پىرسەنتتىن 64.19 پىرسەنتكە ئۆستى. ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنى ئۈزلۈكسىز زورىيىپ، ساپاسى كۆرۈنەرلىك ئۆسۈپ، ئاساسلىق مىللەتنىڭ مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونوم ھۆكۈمەتتىكى شۇنىڭدەك سىياسەت، ئىقتىساد، مەدەنىيەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى

مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى.

40 يىللىق مۇساپىنى ئەسلەيدىغان بولساق، بىز خۇشاللىق بىلەن شۇنى كۆرەلەيمىزكى، ئىگىشىيادىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىدا خۇشاللىنارلىق نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. بىز پارتىيىنىڭ كادىرلار لۇشيەنىنى داۋاملىق ئەستايىدىل ئىجرا قىلىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ، ھەر مىللەت كادىرلىرىنىڭ ئىتتىپاقلىشىش، ھەمكارلىشىش ئېسىل ئەنئەنىسىنى جارى قىلدۇرىدىغانلا بولساق، چوقۇم پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ، ئىلگىرىلەش يولىدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، ئۈزلۈكسىز يېڭى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرەلەيمىز.

ھازىرقى مەزگىل ئىگىشىيادىكى ھەر مىللەت خەلقى تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن 21-ئەسىرگە قەدەم قويىدىغان مۇھىم مەزگىل، دەۋرنىڭ تاپشۇرۇقى ۋە خەلقنىڭ ئارزۇسىنى زىممىسىگە ئالغان يېڭى بىر نۆۋەتلىك ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ”ئەمەلىي ئىشلەپ رايوننى گۈللەندۇرۇش، ئىگىلىك تىكلەپ خەلقنى بېيىتىش“ يولىدا تىرىشىپ ئىشلەپ، ئەسىر ھالقىيدىغان ئۇلۇغۋار نىشاننى سۇرەتلەپ بەردى، بۇ كىشىلەرگە ئىلھام بېرىپ، ئۇلارنىڭ جاسارەت بىلەن ئالغا ئىلگىرىلىشىگە تۈرتكە بولماقتا. ئۇلۇغۋار نىشاننى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ياخشى روھىي ھالەتنى بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم. پەقەت روھنى ئۇرغۇتقاندىلا، ئاندىن ئۈمىد بولىدۇ، نەتىجە بولىدۇ. ئاپتونوم رايون قۇرۇلغان 40 يىلدىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت كادىرلىرى ۋە ئاممىسى پارتىيىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلىگەن ئۇلۇغ ئەمەلىيەت داۋامىدا، ئېغىر ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئېلىپ تىرىكىشىدىغان، ئەمەلىي، جاپالىق ئىشلەيدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ ھەمكارلىشىدىغان، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىدىغان ئىگىشىيا روھىنى شەكىللەندۈردى. ئىگىشىيا روھى پارتىيە-نىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنىڭ ئىگىشىيا رايونىدا ۋارىسلىق قىلىنىشى ۋە جارى قىلدۇرۇلۇشى، دەۋر تەلىپى بىلەن دەۋر قىياپىتىنىڭ كونكرېت ئىپادىلىنىشى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىشىمىزدىكى قىممەتلىك روھىي كۈچ. بۇ روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، بىز ئارقىدا قېلىشقا تەن بەرمەي، جاسارەت بىلەن تىرىشىپ ئىشلەپ، باتۇرلۇق بىلەن كۈرەش قىلىپ، قىيىنچىلىققا قارىماي ئىلگىرىلەۋاتىمىز؛ بۇ روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، بىز دۆلەت ۋە قېرىنداش ئۆلكە، ئاپتونوم رايونلارنىڭ ياردىمىگىلا يۆلىنىۋالماي، ئۆز كۈچىمىزگە تايىنىپ ئىش كۆرۈپ، جاپا-مۇشەققەتكە چىداپ ئىگىلىك يارىتىپ، پۇختىلىق بىلەن باش چۆكۈرۈپ جاپالىق ئىشلەۋاتىمىز؛ بۇ روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى خۇيزۇ، خەنزۇ كادىرلار ۋە ئامما زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، ئۆزئارا ئىشىنىپ، ئۆزئارا قوللاپ، ئۆزئارا ماسلىشىپ، قول تۇتىشىپ بىرلىكتە ئىلگىرىلەۋاتىدۇ؛ بۇ روھنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، بىز مەركەزنىڭ سىياسىتى، باشقىلار-نىڭ تەجرىبىلىرىنى ئاپتونومىزنىڭ ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئىدىيىدە ئازاد بولۇپ، يېڭىلىق ئىزدىنىپ، دادىللىق بىلەن ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، ئىجادچانلىق بىلەن خىزمەت قانات يايدۇرۇۋاتىمىز. يېڭى ۋەزىيەت ئالدىدا، بىزنىڭ ئىگىشىيا روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، قىيىنچىلىق ئىچىدە ئىلگىرىلىشىمىز، ئۇگۇشسىز شارائىتتا ئالدىنقى قاتارغا ئۆتۈشكە ئىنتىلىشىمىز، يېڭىلىق يارىتىش داۋامىدا تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز

تېخىمۇ زوّرۇر. پەقەت مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئاندىن قىيىنچىلىقنى يېڭىپ، تەرەققىياتنى تېزلىتىپ، كەلگۈسى ئۇچۇن يول ئاچالايمىز؛ ئاندىن پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتىنى ئەترابلىق ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنىڭ چوڭ ياخشى ۋەزىيىتىنى مۇستەھكەملەپ ۋە راۋاجلاندۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئورتاق تەرەققىيا- تىنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، مىللەتلەرنىڭ ئۇيۇشۇش كۈچىنى ئاشۇرۇپ، كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن يۇقىرى ئۆرلەيدى- غان كۈچلۈك بىرىكمە كۈچنى ھاسىل قىلالايمىز؛ ئاندىن نىڭشيانىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇش ئىشلىرىنى ياخشى ئېلىپ بېرىپ، نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونىنىڭ تېخىمۇ پارلاق ئەتىسىنى يارىتالايمىز.

**(ئاپتور: ج ك پ نىڭشيا خۇيزۇ ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ شۇجىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: ئادالەت مۇھەممەت**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ISSN 1006-5857

1 1>

9 771006 585006

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V　刊号:$\frac{\text{ISSN1006－5857}}{\text{CN11－2498/D}}$

邮发代号:2－373　定价:2.40元　邮政编码 100013